ئابدۇكېرىم راخمان

# يىپەك يولىدىكى
# ئەپسانە-رىۋايەتلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# يىپەك يۇرتىدىكى
# ئەپسانە - رىۋايەتلەر

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر


تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ھاشىم

مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306 №)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ سودا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787 × 1092 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 7.875

1985 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1986 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098·1080

تىرازى: 1 — 3000

باھاسى: 0.62 يۈەن

## مۇندەرىجە

ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھەققىدە دەسلەپكى
مۇلاھىزە ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 1

### 1. مىفولوگىك ئەپسانىلەر

«ئىككى يارىتقۇچى كۈچ» ھەققىدىكى
ئەپسانە ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 33
ئانا خىتتا ھەققىدە ئەپسانە ... ... ... ... ... 34
كيۇمارىس ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... 35
جەمشىت ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... 39
ئادىمى ئات ئەپسانىسى ... ... ... ... ... 37
سۇ مۇئەككىلى خۇببى يىگىت ئەپسانىسى ... 38
ئۇماي ئىلاھى ... ... ... ... ... ... ... ... 36
ھازا راسپ («مىڭ ئات») ئەپسانىسى .. 40
تۈركلەرنىڭ ئەجداتلىرى ھەققىدە ئەپسانىلەر.. 40
بۆرە توتېم ئەپسانىسى (1) ... ... ... ... 42
بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانە (2) ... ... 43
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئادىتى ھەققىدىكى
ئەپسانە ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 44

## 2. خىيالىي ۋەقە ۋە خىيالىي قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر


ئەككىنچى ئادەم — نوھ ھەققىدىكى ئەپسانە ... 45
نوھنىڭ ئوغلى سام ھەققىدىكى ئەپسانە ... 46
نوھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى — ھام ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 47
نوھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى — ياپەس ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... ... ... ... ... 47
چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى ... ... ... ... 49
قاراخان ۋە ئوغۇزخان ئەپسانىسى ... ... 51
رۇستەم ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... 54
ئوغۇزخاننىڭ بالىلىرى ھەققىدىكى ئەپسانە ... 55
«تىلسىملىق قەلئە» ئەپسانىسى ... ... ... 57
«شىرىن قىز» ئەپسانىسى ... ... ... ... ... 59
ئالانقۇا ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... 60
«پەرھات ئۆستىڭى» ئەپسانىسى ... ... ... 62
«توققۇز ئوغۇز»، «ئون ئۇيغۇر» ئەپسانىسى .. 65
ئەفرات ۋە توققۇز قىز ئەپسانىسى ... ... 65
تۇرپاندىكى «يەتتە ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى» ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 74
شەھرى كەتەك ئەپسانىسى ... ... ... ... ... 75
ئەسھابۇلكەھف (قاف) — (غار كىشىلىرى) ... 76

ئوغۇزخان ئەپسانىسى (1) ... ... ... ... ... ... 77
ئوغۇزخان ئەپسانىسى (2) ... ... ... ... ... ... 78
ئۇيغۇر چالغۇ - مۇزىكىلىرى ھەققىدىكى
ئەپسانە ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 79

### 3. قەبىلە، ئۇرۇق ۋە يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى
ئەپسانە ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 80
«تۈرك» سۆزى ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... 81
چىگىللار ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... 81
«قالاچ» ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... ... 82
قىپچاق ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... ... 82
«تەكلىماكان» ئەپسانىسى ... ... ... ... ... 83
قاراخان ۋە ئوغۇزخان ئەپسانىسى ... ... 83
خوتەن ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... ... 86
«توققۇز ھوجرا» ئەپسانىسى ... ... ... ... 87
خوتەن گىلىمى — گۈلەم ئەپسانىسى ... ... 88
«ئۇيغۇر» ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... 90
ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ... 90
قىپچاق ھەققىدىكى ئەپسانە (1) ... ... ... 92
قىپچاق ھەققىدىكى ئەپسانە (2) ... ... ... 93
قارلۇق ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... ... 93

قاگقىلىلار ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... 94
قالاچ ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... ... 95
يالقۇنتاغ ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... 97
قىزىل «مىلك ئۆيى» ھەققىدىكى ئەپسانە ... 97
يىغلاگغۇ تاغ ئەپسانىسى ... ... ... ... ... 99
تەڭگە تاغ ھەققىدە ئەپسانە ... ... ... ... 101
چولپان ... ... ... ... ... ... ... ... ... 102
ئەسما پەرى ھەققىدە ... ... ... ... ... ... 103
تاغدىن نېمە ئۈچۈن ئاۋاز چىقىدۇ؟ ... ... 103

## 4. تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

سيانپى ئەپسانىلىرى (1) ... ... ... ... ... 106
يارىشىملىق ئىلاھى ھايۋان «سايبى» ھەققىدىكى ئەپسانە (2) ... ... ... ... ... ... ... ... ... 107
ئۇيغۇر خاقانى — بۆكۈتېكىن ئەپسانىسى ... 108
تۇمارىس ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... 109
شىراق ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... 115
بۆكۈخان ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... 119
«كۆچ» ئەپسانىسى ... ... ... ... ... ... 124
«توپاتار غوجام» ھەققىدىكى ئەپسانە ... 126
«بۇبى رابىيە مازىرى» ئەپسانىسى ... ... 126
سەنەمجاننىڭ غېرىپنى ئىزلىشى ... ... ... 128
.كەن مەلىكىسى توغرىسىدىكى ئەپسانە ... 129

### 5. هايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر


قالىغاچ ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 131
توپان بالاسى ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... 133
مۆچەل ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... ... 134
«تاۋۇز يېگەن دۆڭ» ئەپسانىسى ... ... ... 136
قوغۇن ھەققىدىكى ئەپسانە ... ... ... ... ... 137
ئىلى تورغىيى ئەپسانىسى ... ... ... ... ... 138
بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل ... ... ... ... ... ... 139
ھۆپۈپ نېمە دەپ سايرايدۇ؟ ... ... ... ... 140
ئات نېمە ئۈچۈن ياتمايدۇ؟ ... ... ... ... 140
قاغا نېمە ئۈچۈن قارا؟ ... ... ... ... ... 142
پاختەك توغرىسىدا ئەپسانە ... ... ... ... 143
سامساق ھەققىدە ... ... ... ... ... ... ... 144
بېھىنىڭ نېمە ئۈچۈن سۈيى يوق؟ ... ... 145
يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق؟ ... ... 145
ياۋا ئۆدەكنىڭ مەيدىسى نېمە ئۈچۈن ئالتۇن رەڭ بولۇپ قالغان؟ ... ... ... ... ... ... 146


### 6. مۇئەييەن ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر


ئەپراسىياپ ھەققىدە رىۋايەت ... ... ... ... 148
سىياۋۇش رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... ... 149

## table of contents


كەيخىسراۋ رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... ... ... 155
بەھمان ۋە دارا ... ... ... ... ... ... ... ... 161
زارىئادىر ۋە ئاداتىدا قىسسىسى ... ... ... 165
ئىسكەندەر رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... ... 166
قاراخان رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... ... 172
«ئالتۇن قان» رىۋايىتى ... ... ... ... ... 173
باتۇر تەگرىقۇت ھەققىدە رىۋايەت ... ... 174
ئىمام مالىك ئەجدەر رىۋايىتى ... ... ... 177
سۇلتان ئارسلانخان رىۋايىتى ... ... ... ... 178
فارابى ھەققىدىكى رىۋايەت ... ... ... ... 179
ئەبۇ ئېلى ئىبنى سىنا رىۋايىتى ... ... ... 181
ناۋايى ھەققىدىكى رىۋايەت (1) ... ... ... 183
ناۋايى ھەققىدىكى رىۋايەت (2) ... ... ... 185
ئىپارخان ھەققىدىكى رىۋايەت .. ... ... ... 187
«جىگدە يىغلىغى» رىۋايىتى ... ... ... ... 192
مەلىكە ئاماننىسا خېنىم رىۋايىتى ... ... ... 194
ئابدۇرىشىتخان ھەققىدىكى رىۋايەت ... ... 198
سادىر پالۋان ھەققىدە رىۋايەت (1) ... 202
سادىر پالۋان ھەققىدە رىۋايەت (2) ... 203
سادىر پالۋان ھەققىدە رىۋايەت (3) ... 204

## ٠٧ ھادىسىلەر ۋە ئېتنىك ناملار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر


«ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ... 205
« Tübüt» لەر ھەققىدە رىۋايەت ... ... ... 206
«ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر» رىۋايىتى ... 206
«ئەرگىنە قۇن» رىۋايىتى ... ... ... ... 207
موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى ساك (سەك)
ھەققىدىكى رىۋايەت ... ... ... ... ... ... ... 209
يىلىك ئىياك ئارىلاشما غۇز (胡) لىرى ھەق-
قىدىكى رىۋايەت ... ... ... ... ... ... ... ... 210
ھەر خىل ئۇرۇقلارنىڭ قوشۇلۇشى ھەققىدى-
قىدىكى رىۋايەت 210
دېڭىز ئىلاھىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھەق-
دىكى رىۋايەت ... ... ... ... ... ... ... ... 211
«ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئوغۇز»
رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... ... ... ... 212
ئىدىقۇت رىۋايىتى ... ... ... ... ... 214
خوتەن ئاق سېپىل رىۋايىتى ... ... ... 215
خوتەن ئاق سېپىل شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت ... 216
«يانىلا» ئۇرۇغى ھەققىدە رىۋايەت ... 216
«قارا قوشۇن» رىۋايىتى ... ... ... ... 217
جۇداخلار ھەققىدە رىۋايەت ... ... ... 218
«ئۆزبەك» نىڭ پەيدا بولۇشى ... ... ... 219

قارا بۇغراخان رىۋايىتى ... ... ... ... ... 220
خارەزىم ھەققىدە رىۋايەت ... ... ... ... ... 221
شەھىرى كېتىك رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... 222
«ھەزرىتى موللام» مازىرى ... ... ... ... 223
بۇبى رابىيە رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... 224
«مۇق يولى» رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... 227
«نورۇز بۇلاق» رىۋايىتى ... ... ... ... ... 228
«بىرنى بىر دىگولۇك» رىۋايىتى ... ... 229
«تارانچى» رىۋايىتى ... ... ... ... ... ... 231
ھېيتكار توغرىسىدا رىۋايەت ... ... ... ... 232
«خامى گۇا» (قۇمۇل قوغۇنى) ھەققىدە
رىۋايەت ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 233
كىرورەن شەھىرىنى كىم تاپقان؟ ... ... ... 233
«يەركەن» دىگەن نام ھەققىدە رىۋايەت ... 235
ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ... ... 236
«ئىشتاچى» دىگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ... 236
«ئامانشا» دىگەن ئىسىم توغرىسىدا ... ... 237
«زەرئەپشان» توغرىسىدا ... ... ... ... ... 238
«يورۇڭقاش» ۋە «قاراقاش» ... ... ... 239
«ئىمامى ئاسىمخان غوجام» ھەققىدە رىۋايەت ... 239
«جىيا» توغرىسىدا رىۋايەت ... ... ... ... 240
دەريانى توسقان چوڭ تاش ھەققىدە ... 241

# ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھەققىدە دەسلەپكى
## مۇلاھىزە

### 1. ئومۇمى چۈشەنچە

ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمقى ساددا ئوي - پىكىر-لىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل رىيال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىيالىلىرىنىڭ سەمەرە-سىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئۇ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە چۈشىنىشىدىكى بىر «ئىلىم» ھەمدە ئىستېتىكىلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاڭسىز سەنئەت ئىجادىيىتى ھىسابلىنىدۇ.

كارل ماركس ئۆزىنىڭ «سىياسىي ئىقتىسات تەن-قىدى»گە مۇقەددىمە» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق ئەپسانىدە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇر-لارنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى بوي سۇندۇ-رۇلىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ.

شۇڭا، بۇ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن ئەمەلىيەتتە ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىنىشقا ئەگىشىپ، ئەپسانىلەرمۇ يوقى-
لىدۇ».① ف. ئېنگېلسمۇ «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلە-
تنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە: «گومېرنىڭ
داستانى ۋە بارلىق ئەپسانىلەر، مانا بۇلار گرېكلارنى
ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيلىك دەۋرىگە ئېلىپ كىر-
گەن مۇھىم مىراسلار»② دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە يۇنان،
رىم ئەپسانىلىرىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە
قانداق تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا
خۇلاسىلەيدۇ.

قەدىمقى ئىنسانلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىپ-
تىدائىي باسقۇچىدا تۇرغان چاغلىرىدا، ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە بىلىم ئىقتىدارىنىڭ
تولىمۇ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى
نۇرغۇن ھادىسىلەرنى تېخى توغرا بىلەلمەيتتى ۋە چۈ-
شىنەلمەيتتى. قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا
ئىقتىدارسىزلىق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى
تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقەت «تەسەۋۋۇر
ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن» چۈشەندۈ-

---

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 113-بەت.

② «ماركس—ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 4-توم، 22-بەت.

روپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىشلەر-
نىڭ سەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە،
تەقدىرگە باغلايتتى. شۇنداق قىلىپ تەبىئەت ھادىسى-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوبرازلاشتۇراتتى، ھەتتا ئىلاھلاش-
تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرى-
نىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدىكى «تەڭرى» نىڭ بۇنداق ئا-
جايىپ «كارامىتى» توغرىسىدا قىزىقارلىق ھىكايىلەرنى
توقۇپ چىققان ئىدى. كېيىنرەك ئىپتىدائىي سىنىپلار
ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا تەبىئەت
كۈچلىرى بىلەن بولغان كۆرەشتە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن
قەھرىمانلار توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئەپسانىلەرنى ئىجات
قىلدى. نەتىجىدە قەدىمقى ئىنسانلار ئەپسانىلىرى تەڭ-
رىلەر توغرىسىدىكى ھىكايىلەر ۋە قەھرىمانلار توغرىسى-
دىكى ھىكايىلەر دەپ چوڭ ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچى-
گە ئالىدى.

دېمەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي شارا-
ئىتىدا يۈز بېرىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر كىشىلەردە
خىيالىي چوڭقۇر تەسىرات قوزغىسىمۇ، ئەمما، ئۇلاردا تېخى
تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا،
تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەپلىرىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە كۆپ ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇنداق
بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ غايىۋى دۇنياسىدا بارلىق

تەبىئەت كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ مەۋجۇت ئىدى. تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى كېيىنكى ئەۋلاتلار «ئەپسانە» دەپ ئاتىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەپسانە بىر خىل بەدىئىي شەكىل بولۇپ، ئۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىپتىدائىي تارىخىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدا ھاسىل قىلغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئاڭ فورمىسى. يەنى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ فانتازىيىلىك خىيالىدا ئاڭسىز سەنئەت شەكلى ئارقىلىق قايتا ئىشلەنگەن تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي فورمىدۇر. «مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەپسانە تەبىئەتتىكى ھادىسە ۋە كۈرەشلەرنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كەڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەكس ئېتتۈرىدۇ.»①

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، مۇجمەللىكتىن ئېنىقلىققا، فانتازىيىدىن ئەمەلىيلىككە قاراپ

① م.گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 142-بەت.

يۈزلىنىشى ئومۇملاشقان بىر قانۇنىيەتتۇر. شۇ سەۋەپتىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيە ھالەتلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققى قىلىدۇ. بۇ تەرەققىيات مۇقەررەركى، ئىنسانلارنى ئىلىم - پەن يولىغا باشلايدۇ. نەتىجىدە پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ رىياللىققا ئايلىنىشى ئەپسانىلەرنىڭ يوقىلىشىغا شەرت بولىدۇ.

دىمەك، كىچىك ھەجىملىك، مەزمۇنى ساددا، ھېكايە شەكلىنى ئالغان ئەپسانىلەر ھەر قايسى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئىجتىمائى ھايات بىلەن باغلىق بولغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى خىيالىي شەكىلدە ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانىلەر ئىجتىمائى ھايات، مەدەنىيەت، دۇنيا قاراش ۋە روھىي كەچۈرمىشلەر، ئۆرپ - ئادەت ۋە تارىخىي ھادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى

ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم قىسمىنى خەلق ئاغزىدا ساقلانغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارمۇ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇزاق تارىخىغا زىچ باغلانغان بولۇپ، باشقا ژانىرلاردىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەپسۇسكى،

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرى توغرىسىدا ھازىر-
غىچە مەخسۇس تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئىشلىرى ئېلىپ
بېرىلمىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ ژانىرغا بېغىشلان-
غان توپلامۇ يوق، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇلگىلىرى 11 -
ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىلشۇناس
مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، ئوت-
تۇرا ئەسىرلەردە ئۆتكەن تارىخشۇناس رەشىددىن،
برونى، تابارى، جۇۋەينى، خۇۋەخانى ئوبۇلغازى باھا-
دىرخان، مىرزا ھەيدەركوراگان، مۇسا سايرامى قاتارلىق
ئالىم ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، جۇڭگو تارىخ
مەنبەلىرىدىن «تارىخنامە»، «خەننامە»، «جۇنامە»،
«سۇننامە»، «تاڭنامە» قاتارلىق داڭلىق تارىخي ئە-
سەرلەردە، شۇنداقلا رۇس شەرقشۇناسلىرى ئاكادېمىك
رادلوپ، ئولدېنبورگ، بارتولد، برنىشتام، كاتانوپ،
مالوپ، پىرژىۋالىسكى قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەمگەك-
لىرىدە ئورۇن ئالغان. ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بار-
غان كۆپ قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى جەريانىدا
يېزىۋالغان خاتىرىلىرى ۋە شۇلار ئاساسىدا نەشرگە
تەييارلىغان ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ
ئاز ئۇچرايدىغان سىيۇژېتلىرى يېزىپ ئېلىنغان بولۇپ،
ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى
ھەققىدىكى ئاساسلىق ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ ھېساپ-

لىنىدۇ، مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا «ئەپسانە» دېگەن سۆز-
نىڭ ئۇزىدە مىفلىق، رىياللىقتىن تاشقىرى، غەيرى تە-
بىئى ئەھۋاللار مۇجەسسەملەشكەن. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى
بىلەن ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى كۆپ ھاللاردا چۆچەكلەر
بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت تىل-
شۇناسلىرى يۇ. تىسۇنۋازو ۋە ئا. شەمىيېۋا تەھرىرلىكىدە
تۈزۈلگەن «رۇسچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» (1955 - يىل
نەشرى) بىلەن ئەمىر نەجىپنىڭ تۈزگەن «ئۇيغۇرچە -
رۇسچە لۇغەت» (1968 - يىل نەشرى)دە «ئەپسانە»
دېگەن سۆز خاتا ھالدا «пРепаНИе»، «Ckazka»،
«ЪаСНИЯ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەپسانە (افسانە)
ئەسلىدە پارسچە سۆز بولۇپ، فانتاستىكىلىق، سېھىر
جادۇلۇق ھەددە ھاياتىي ئويدۇرمىلار ئاساس قىلىنغان
نەسرىي ھېكايىلەر دېمەكتۇر. مەھمۇت قەشقەرى بۇ
ئاتالغۇنى «ئۆتمۈش ۋەقەلەردىن خەۋەر بەرگۈچى» دەپ
تەرىپلەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۆتمۈش ۋەقەلەر ھەققىدە
ھېكايە قىلغۇچى بۇنداق ئاغزاكى ئەسەرلەر خىيال-
ئويدۇرمىدىن تەشكىل تاپقان ئەپسانىۋى ۋەقەلەردىن
چەتلەپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. ھېكايىنىڭ بۇ خىل شەك-
لىدە سېھىر، جادۇ، فانتاستىكىلىق ئىپادىلەر ھەددە
ھاياتىي ئويدۇرمىلارنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە ئۆز - ئۆزىدىن
مەلۇم. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرى بويىچە قارىغاندا،

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك «ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگۈچى يالغان ھېكايىلەردۇر.»

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ئۈستىدە مۇپەسسەل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئاۋال، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رىۋايەت، چۆچەكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش زۆرۈر.

ئۇيغۇرلار، جۇملىدىن باشقا خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئىجادىيىدا ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك قاتارلىق شەكىللەر ئوخشاش ژانىرلار بولۇپ، بىر بىرىگە ناھايىتى يېقىن، ھەتتا ئۆزئارا قوشۇلۇپمۇ كېتىدۇ. ئۇلارنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىككى ھالەت مەۋجۇت بولۇپ، بىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى پروزا شەكلىدە ئىپادىلەنگەن، يەنە بىرى، بۇ ژانىرلارنىڭ بايان خەۋىرىدە فانتاستىكا، ئويدۇرما ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ ياكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن بۇ ژانىرلار ھەققىدىكى كۆپلىگەن مۇلاھىزىلەردە، جۇملىدىن كىشىلەرنىڭ شەكىللەن قاراشلىرىدا ئۇلار تاشقى جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تىل ئادەت كۈچى تۈپەيلىدىن كۆپ ھاللاردا «ئەپسانە - رىۋايەتلەر» قوشما سۆز تەرىقىسىدە بىر ئۇقۇم دەپ قارالسىمۇ، لېكىن، مەزمۇن خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئارىسىدا ماھىيەتلىك

پەرقلەر مەۋجۇت.

رىۋايەتلەر ھاياتنى ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئويدۇر-
مىلار ۋاستىسىدە ھېكايە قىلغۇچى رىۋايەتلىك خىيالىك-
تىردىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرلىرىدىن بولۇپ، ئۇ-
لارنىڭ مەزمۇنى رېئال ياكى بولۇشى مۇمكىن بولغان
پاكىتلاردىن تەشكىل تاپقان. شۇڭا، رۇس ئاكادېمىگى
د. ۋ. گرىدكوپنىڭ «خەلق ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن تا-
رىخ» دېگەن سۆزلىرى رىۋايەت ژانىرىغا تازا ماس
كېلىدۇ. دەرۋەقە، رىۋايەتلەر خەلق ئاغزىدا ئېقىپ
يۈرگەن تارىختۇر. شۇنداقلا خەلق ئاغزىدىكى دوكلات
ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، رىۋايەتلەر بىرەر ۋە-
قەگە قاتناشقان ياكى ئۇنى كۆرگەن شەخسلەرنىڭ شۇ
ھالەتلەرنى ئېغىزچە سۆزلەپ بېرىشى — ھېكايە قىلىشى
ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، ئۇ قۇرۇلۇش جە-
ھەتتىن ئۆزگەرمەس كومپوزىتسىيىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا،
رىۋايەتتە ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلەر گويا تۈگەللەنمە-
گەندەك، داۋامى باردەك سېزىلىدۇ. قىسقىسى ئەپسانى-
لەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى روھ، رىۋايەتلەرنىڭ باش
قەھرىمانلىرى بولسا ئادەمدىن ئىبارەت.

خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ۋە يازما مەنبە-
لەر ئارقىلىق مەلۇم بولغان سان-ساناقسىز ئۇيغۇر
ئەپسانىلىرى مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن تۆۋەندىكى-

دەك بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، مىفولوگىك ئەپسانىلەر: پارلاق كېلە-چەكنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىت كۆزى بىلەن باق-قان ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىمىز ئىنسانلارنىڭ مىسلىسىز قۇدرەتلىك كۈچىنى ئالدىنئالا سېزىپ، ئۇلار-نىڭ قابىلىيىتىنى ئىدىيىللاشتۇرىدىغان خىلمۇ-خىل مىفولوگىك ئوبرازلارنى ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئىپتى-تىدائىي نەمۇنىلىرى قەدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ئىچى-دىن ئورۇن ئالغان.

«مىف» گرېكچە سۆز بولۇپ، ئىستىمال مەنىسى تەگرىلەر ۋە پالۋانلار ھەققىدىكى توقۇلما ئەپسانە دې-مەكتۇر. مىفولوگىك ئەپسانىلەر ئانىمىستىك ۋە تۇتېمىس-تىك تەسەۋۋۇرلار يارىدىمىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېپىنىمىلىق (سېغىنىش، ئېتىقات) خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك. قەدىمقى ئىپتىدائىي جەمىيەتتە ئىن-سانلارنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرەشتىكى ئاجىزلىقى ئۇ-لارنى نامەلۇم كۆرۈنگەن ھادىسىلەرگە جاۋاپ تېپىشقا، قاندا قتۇر مەلۇم چۈشەنچە، تەسەۋۋۇرلار يارىتىشقا مەج-بۇر قىلدى. بوران، يەر تەۋرەش، تاشقىن، چاقماق چېقىش، كۈن تۇتۇلۇش، يامغۇر، ھەسەن-ھۈسەن ... گە ئوخشاش غەيرى تەبىئى كۆرۈنگەن كۈچلەر دەھشىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن بۇ ئىنسانلار ئەنە شۇنداق تەبىئەت-

نىڭ ياۋۇز كۈچلىرىگە قارشى كۆرەشكۈچى ھامىي ئىزلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي مىفولوگىك تەسەۋۋۇرلار پەيدا بولدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاسمان، ئاي، كۈن ھەمدە خىلمۇ-خىل ھايۋانلار ھەققىدىكى «تەڭرى»لەرنى، غەيرىي تەبىئىي تەسۋىرلەنگەن ئىلاھلاشقان قەھرىمانلار ھەققىدىكى مىفولوگىك ئەپسانىلەرنى ھاسىل قىلدى. مەزكۇر ئەپسانىلەر ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرگە مەنىۋى كۈچ، جاسارەت ۋە خۇشال-خۇراملىق بەخش ئەتتى، ئىنسانلارنى غەلىبىگە ئۈندىدى.

دېمەك، مىفولوگىك ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ شات-خۇرام ياشاش ھەمدە تەبىئەتنىڭ ھەر خىل ياۋۇز كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ھەققىدىكى ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار قۇياش نۇرى ۋە ئىسسىقلىقىنى ياخشىلىق، بەخت-سائادەتنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، ئۇنى يامانلىق، بەختسىزلىك، زۇلمەتنىڭ بەلگىسى بولغان دەھشەتلىك سوغاققا قارىمۇ-قارشى قويۇپ، بەخت دۇنياسى ۋە بەختسىزلىك دۇنياسى دېگەن مىفلارنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گويا تەبىئەتتە ئۇلۇغ ۋە پايدىلىق كۈچلەر — قۇياش ۋە سۇ ئەبەدىي بولغان ئۆلكە (دۇنيا) ھەمدە ئاپەت كەلتۈرگۈچى كۈچلەر — زۇلمەت ۋە كۈلپەت ئەبەدىي بولغان ئۆلكە بارمىش. شۇ سەۋەپتىن

تۆيۈر ئەپسانىلەردىكى كۆپلىگەن مىفولوگىك ئوبرازلار مانا شۇ ئىككى ئۆلكە ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش شەكلىدە گەۋدىلىنىدۇ. زەردۇشتىلارنىڭ مۇقەددەس كىتا- ۋى «ئاۋىستا» دىمۇ ئىككى ياراتقۇچى كۈچ — ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەڭرىسى توغرىسىدىكى مىفولوگىك ئەپسا- نىلەر خاتىرىلەنگەن. ئاخرومازدا ياخشىلىق تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق نەرسىلەر ئىنسان تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ۋە خىزمەت قىلىشقا قارىتىلغان. ئۇ ئۆز ياردەمچىلىرى ئارقىلىق ئوت، چارۋا مال، مېتال، يەر، سۇ ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى باشقۇرىدۇ. ئاخرامان (ئانگىرا مەنيۇ) بولسا يامانلىق تەڭرىسى بولۇپ، ئۇ ھەممە ياۋۇزلۇق ۋە يامانلىقنى باشقۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخرومازداغا قارشى چىقىدۇ ۋە ئۆزىگە قا- راشلىق دىۋىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەرگە ئازاپ- ئوقۇبەت، جاپا - مۇشەققەت كەلتۈرىدۇ. ئاخرامان گەرچە زور كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئاخروماز- داغا ئوخشاش ھەممە نەرسىگە قادىر ۋە قابىل ئەمەس. شۇ سەۋەپتىن، يامانلىق كۈچلىرى (ئاخرامان) ياخشى- لىق كۈچلىرى (ئاخرومازدا) ئالدىدا دائىم مەغلۇبى- يەتكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەپسانىدە ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇق مەنبەسى قۇياش دەپ كۆرسىتىلىدۇ، قۇ- ياش نۇرى ئىنسانىيەتكە ھاياتلىق بېغىشلايدۇ، ئوت

بولسا قۇياشىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسانلار ئوتنى مۇقەددەس ھېساپلاپ، ئۇنى ھەمىشە ئوتدانلاردا قەدىرلەپ ساقلايتتى. بۇنداق ئوتدانلار ھېلىمۇ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي قەلئەلەردىن تېپىلماقتا. دېمەك، ئۇيغۇرلار تارىخىدا قۇياشقا، ئوتقا ئېتىقات قىلىپ، ئۇنىڭغا سېغىنىش قەدىمىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن. تا يېقىن كۈنلەرگىچە، توي ۋە باشقا مۇراسىملاردا «ئۇلۇق» (گۈلخان) يېقىش ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش، كۈنگە قاراپ تۈكۈرمەسلىك، كۈن، ئاي تۇتۇلغاندا تازان، چېلەك، داسلارنى چېلىش ياكى نەزىر قىلىپ جامائەت بىرلىكتە ئەزان چاللاش ئوخشاش ئۆرپ - ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار ئەنە شۇ قەدىمقى تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئىزلىرىدۇر. بۇنداق ئىپتىدائى تەسەۋۋۇرلار بىلەن باغلىق بولغان ئەپسانىلەر قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن شىنجاڭ «مىڭ ئۆي»لىرىدىنىڭ نەقىشلەنگەن تام سۈرەتلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىلگەن.

تەكىرلەر، پالۋانلار توغرىسىدىكى يۇقۇرقىدەك ئەپسانىلەرنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئادىمى ئات» ئەپسانىسى شۇ جەھەتتىن خاراكتېرلىق بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائى جە-

ھەيەتتە يارىتىلغان مىفولوگىيلىك ئەپسانىلەرنىڭ يارقىن نەمۇنىسى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇش ھەققىدىكى ئارزۇ - ئۇمىتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مىفولوگىيلىك ئەپسانىلەرنىڭ يەنە بىر خىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى توتېم ئەپسانىلىرىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، توتېم ئۇ ياكى بۇ ئۇرۇقنىڭ ئېتىقات قىلغان ھىمايىچىسى سۈپىتىدە، ئادەمنىڭ كۆپىنچە بىر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك. بەزەن جانسىز نەرسە ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچ ئېتىقاتىدىن كېلىپ چىققان. تۈركى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەڭ دەسلەپ قۇياش، سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنغان. كېيىنچىرەك ئات، ھۆكۈز، يىلان، بۆرە، (قەدىمقى ئۇيغۇرچىدە — «قۇرت» — بەخت مەنىسىدىكى «قۇت» سۆزى شۇنىڭدىن كەلگەن) ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارغا ئېتىقات قىلغان. بۆرىنى بالايى-ئاپەتلەردىن ساقلىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى كۈچ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ بىلگەن ۋە شۇ تەرىقىدە توتېملار بىلەن باغلىق بولغان بىر قانچە ئەپسانىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەپسانىلەردە كۆپىنچە ئات ئىلاھى ۋە بۆرە ئىلاھى ھىكايە قىلىنغان.

ئات ئىلاھى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش

تەرىكچىلىگى بىلەن بىۋاستە باغلىق بولغان. ئۇيغۇرلار مولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئارخېئولوگىك قېزىلمىلاردا ئېنىقلانغان يېرىمى ئات، يېرىمى ئادەم سۈپەت رەسىملەر (بۇنداق تەسۋىرى سۈرەتلەر شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپلىگەن گۈللۈك كېمىرلىرىدە ئۇچرايدۇ)، يېقىن كۈنلەرگىچە ئېكىن مەيدانلىرى قەبرە باشلىرىغا ئاتنىڭ كاللا سۆڭىگىنىڭ ھىمايىچى سۈپىتىدە قويۇلۇشى ... ۋە باشقىلارنىڭ ئىپتىدائى ئىنسان ئېڭىدا مەۋجۇت بولغان ئات ئىلاھى ھەققىدىكى ئېتىقاتىنىڭ بەلگىسى ھېساپلىنىدۇ، بۆرە قەدىمقى ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى ئارىسىدا توتىم ھېساپلانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن قەدىمقى تارىخي مەنبەلەردە ھېكايە قىلىنغان ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە بۆرە تۈرك ئۇرۇغىنىڭ ئەجدادى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. ئەپسانىلەردە تەسۋىرلىنىشىچە، قەدىمقى تۈركلەر ئانا بۆرىدىن ۋە دۈشمەن تەرىپىدىن قىرىلغان ئۇرۇق ئىچىدە تىرىك قالغان ئون ياشلىق ئوغۇل بالىدىن تارقالغان. بۇ بالىنى ئانا بۆرە قول ـ ئاياقلىرى كېسىلگەن ھالدا تېپىپ ئېلىپ، ئۇنى ئاسراپ باققان. شۇنىڭدىن كېيىن تاغلارنىڭ بېرىگە كىرىپ كەتكەن ۋە ئۇ تاغ ئۆڭكۈرىدە ئانا بۆرە بالىدىن ھامىلدار بولۇپ، ئون بالا تۇغقان. ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى چوڭ بولۇپ كۆپەيگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ

ھەر بىرى تۈرك ئۇرۇقلىرىنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان. ئاشنا ئۇرۇغى ئەنە شۇ ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشنا ئۇرۇغى خانلىق قۇرغاندا ئۇلارنىڭ بايرىقىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۆرىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن، ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ نامى «بۆرە» دەپ ئاتالغان. ھازىرغىچە يېزا - قىشلاقلاردا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئۇلۇغلاپ بوينىغا ياكى بۆشۈكىنىڭ بېشىغا بۆرە ئوشۇغىنى ئېسىپ قويۇش، ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا بۆرە سۆڭىكىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋېلىش، تۇنجى تۇغۇتتا ئانىنى بۆرىنىڭ تېرىسىگە ئولتۇرغۇزۇش، «ئوغۇل تۇغدى» دېگەننىڭ ئورنىغا «بۆرە تۇغدى» دېگەن مېتافورىنى ئىشلىتىش... قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئىدىيىۋى ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بۆرە تۇتىمى» ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلار «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەندىن باشقا، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»، «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاش مەزمۇن تىلىنغان كۆپلىگەن ئەپسانىلەر ئۇچرايدۇ.

خەلق ئاغزىدا بارلىققا كېلىپ ئەۋلادتىن - ئەۋ-

لاتقا كۆچۈپ يۈرگەن يۇقۇرقى ئەپسانىلەردىكى مىفولو-
گىك ئوبرازلار قەھرىمانلىق خاراكتېردىكى ھېكايە ۋە
قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە كەڭ زېمىن
بىلەن تەمىنلىدى. مۇنداق ھېكايە ۋە داستانلاردىكى
قەھرىمانلار ئىپتىدائىي مىفولوگىك ئەپسانىلەردىكى ئوب-
رازلارغا ئوخشاش تەبىئەتنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىغا ئەمەس،
بەلكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يارىماسلىقلىرى، زۇلۇم ۋە
زورلۇققا قارشى چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ مەز-
مۇنى ئىجتىمائىي تۈس ئېلىپ، فانتازىيىدىن رېئاللىققا
قاراپ يۈزلىنىدۇ.

ئىككىنچى، خىيالىي ۋەقە، ۋە خىيالىي قەھرىمانلار
ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلەر؛ بۇ خىلدىكى ئۇي-
غۇر ئەپسانىلىرى ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش، ئۇ ياكى بۇ
كۈچنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا سىغىنىش —
ئېتىقات قىلىش ھەمدە سۆيگۈ - ساداقەت ئوخشاش ئىج-
تىمائىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسىرىدە پەيدا بول-
غان. بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ئىلاھلاش-
قان روھ ياكى «يېرىم ئىنسان، يېرىم ئىلاھى» شەك-
لىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا
خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «دىۋە قەلئە»
(«تاشلانغان قەلئە»)، «شېئىردىي قىز»، «پەرھات ئۆس-
تەڭچى»، «شاھ سەنەم ۋە شاھ غېرىب» قاتارلىق تو-

قۇلما ئەپسانىلەر مەزكۇر تۈركۈمگە ئائىت بولۇپ، بۇ ئەپسانىلەردە ئىنسانلارنىڭ چەكسىز كۈچى ۋە گۈزەللىكى مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سيۇژېتى كۆپرەك خىيالى، فانـتاستىك ئويدۇرمىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ ۋە مەلۇم بىر تارىخىي جايلار، تاغ - جىلغىلار، دەريا - ئۆستەڭلەر، مۇنار - قەلئەلەر بىلەن باغلانغان ھالدا ھېكايە قىلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەرنىڭ يەنە بەزىلىرى كۆچمە سيۇژېتلار ئاساسىدا پەيدا بولغان بولۇپ، كۆپرەك مۆئەييەن ھادىسە، قەبىلە، ئۇرۇق نامىلىرى، شىنجاڭـدىكى جۇغراپىيىلىك ناملار، قەلئە، قورغان، شەھەر، ساراي، مۇنار، دەريا ۋە كۆللەر، مازار - مەقبەرىلەر، تاغ ۋە جىلغىلار بىلەن باغلانغان ھالدا، ئۇلارنىڭ بارـلىققا كېلىشى ۋە ۋەيران بولۇش سەۋەپلىرى، ئۇ ياكى بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇشى تارىخىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىدا قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتـتىپاقى ئىچىدىكى قاڭقىلى، قىپچاق، قارلۇق، قالاچ قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇرۇق نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر خاتىرىلەنگەن. تۇرپانـدىكى بىر ئۆڭكۈرگە باغلىق بولغان ئەپسانىدە دەقيانـنۇس پادىشاسىدىن قېچىپ كېلىپ، ئۆڭكۈردە مۆكۈپ ياتقان يەتتە ئەۋلىيانىڭ تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇـ

لار مۇشۇ ئۆڭكۈردە ئۈچيۈز يىل ئۇخلىغان. ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىقۇت دۆلىتىنى قۇرغان، ئۇلار-نىڭ دۆلىتى ئالتە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئەنە شۇ ئۆڭكۈر بىلىم ۋە بەخت مەنبەسى ھىساپلانغان.

تۇرپاندىكى دەقيانۇس قەلئەسى بىلەن مۇناسى-ۋەتلىك بولغان ئۇيغۇرلاردىن چىققان يەتتە ئەۋلىيانىڭ ئاجايىپ كاراماتلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر مۇنچە ئەپسانىلەرنى رۇسىيىلىك ن. ف. كاتانوپ چۆچەك شەھى-رىدە يېزىۋېلىپ، ئۇنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، 1897 - يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان. بۇ ئەپسانە-لەردە ئاساسەن ئەنە شۇ ئەۋلىيالارنىڭ ئۇزاق ھەم بەختلىك ئۆمۈر بېرىدىغانلىقى، كىشىلەرنى ھەر قانداق غەم - قايغۇ ۋە ناچارلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقى، كۆز-لىگەن مەقسەدىگە يېتىشىگە ياردەم قىلىپ غەلىبە قا-زاندۇرىدىغانلىقى، مال - مۈلكىنى ئوت، سۇ ۋە ئوغ-رىغا ئوخشاش ھەر خىل بالايى - ئاپەتلەردىن ساق-لاپ قالىدىغانلىقى، ئەگەر ئىككى قات ئاياللار ئەۋلىيا-لارنىڭ نامى يېزىلغان تۇمارچىنى سول بىقىنىغا ئېسە-ۋالسا، تۇغۇتنىڭ يېنىك ۋە ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقى ئوخشاش بىر مۇنچە دەۋالار بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ-دىن باشقا، تەكلىماكاننىڭ سىرى، كەتەك شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى،

بوغدا تېغى، خانتەڭرى چوققىسى، بوغدا تېغىدىكى «توپ ئاتار (ياكى ئالپ ئاتا) غوجام» مازىرى، ھەزرىتى مەۋلام مازىرى، ئارسىلانخان مازىرى، ئىدىقۇت شەھىرى قاتارلىق تارىخىي جاي ناملىرى ھەققىدىمۇ خەلق ئارىسىدا كۆپلىگەن ئەپسانىلەر بار بولۇپ، ئۇلاردا مەلۇم تارىخىي چىنلىق فانتاستىك ئويدۇرمىلار ۋاستىسىدە ھېكايە قىلىنغان. گەرچە، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ دىنىي خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىمۇ ئەمگەكچانلىق بىلەن ھالال نىيەتنىڭ ساغلام ئەخلاقىغا زىت بولغان ھەممە نەرسىلەر ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېساپتا غەلىبە قازىنىدىغانلىقى. توغرىلىق قەدىمدىن ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

دېمەك، مۇشۇ خىلدىكى ئەپسانىلەر ئومۇملۇق جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتتە قەدەم قويغانلىقىنىڭ دەسلەپكى بەلگىسى ھېساپلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلەر: بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ئاساسىنى جەڭنامە تىپىدىكى ئەپسانىلەر ياكى قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق

ئەپسانىلەرنى تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەل-
گەن دېيىش مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار مۇئەييەن تارىخىي
چىنلىقنى توغرا ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. ئۇلاردا
گەرچە بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئايرىم تارى-
خىي ۋەقەلەرنىڭ ئىزى چۆرىدەپ ھېكايە قىلىنسىمۇ،
لېكىن، تارىخىي ھەقىقەتكە زىت بولغان ھادىسىلەرنىمۇ
قوشۇپ ئەكس ئەتتۈرمەي قالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق
ئەپسانىلەرنىڭ ھەر بىرى قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا
قارىشى، ساددا، ئىپتىدائى چۈشەنچىسى ۋە بىلىمىنىڭ
خۇلاسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق ئىكەن،
ئۇلاردا پەقەت رېئال ۋەقەلەر بىلەن باغلىق بولغان
ئېلېمېنتلارلا ساقلانغان، خالاس. بۇنىڭغا قەدىمقى ئۇي-
غۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل جەڭلەر ۋە ئۇلار-
نىڭ تەسىرىدە يارىتىلغان «ئوغۇزخان»، «تۇمارىس»،
«شىراق»، «رۇستەم»، «ئىسكەندەر»، «كۆچ — كۆچ»،
«بۆكۈخان»، «ئەفراسىياپ»قا ئوخشاش كۆپلىگەن ئەپ-
سانىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۆز خەلقىگە مۇھەببەت، ئۆز ئېلىنىڭ ئازاتلىقى
ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش، شىجائەت ۋە مەرتلىك،
باسقۇنچىلارغا قارشى غەزەپ ۋە نەپرەت، ئادىللىق ۋە
راستچىللىق، ئالىيجاناپلىق ۋە قەيسەرلىك «تۇمارىس»
توغرىسىدىكى ئەپسانىنىڭ باش قەھرىمانىدا بولغان

تىپ خىسلەتلەردۇر. تۇمارىس ئوبرازى باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىماننىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ تارىخىي قىممىتى زور ئەپسانىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئەپسانىدىكى قەھرىمان ئوبراز مەلۇم دەرىجىدە ئىلاھىلاشتۇرۇلغان بولۇشىغا قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي خۇسۇسىيىتى بىلەن رىۋايەتلەرگە ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. جۈملىدىن قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ بىخى سۈپىتىدە تارىختا يېقىندىن ھەمرا بولىدۇ.

ئۈتىنچى، بەزى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار ھەققىدە ھىكايە قىلغۇچى ئەپسانىلەر: بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەر مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىر خىلدىكى ئەپسانىلەردە ئادەملەر ھەر خىل جىنايىتى ئۈچۈن تەڭرى تەرىپىدىن چوشقىغا، قاغىغا، تاشپاقىغا، چايانغا، چاشقانغا، بۆرىگە، تۈلكىگە، ئىتقا، ئېيىققا ئوخشاش ھەر خىل مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇلغانلىقى ئېيتىلغان. شۇڭىنىڭ ئۈچۈن بۇ ھايۋانلارنىڭ كۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار بىر زامانلاردىكى ئادەملەر نەسلىدۇر. مەسىلەن، پىل بىر زامانلاردا ناۋاي بولۇپ، ئۇ خېرىدارلارنى ئالدىغان ئىمىش؛ مۈشۈك ئۇرچۇق ياسىغۇچى ئۇستا بولۇپ، ئەسكى، ناچار ياغاچلاردىن ياسىغان ئۇرچۇقلىرىنى داڭلاپ ساتقان؛ ئېيىق بوياقچى بولۇپ، يالغان بوياقنى جىلا

بوياق دەپ ساتقان؛ تۆلكە ھالىگەرلىك بىلەن كىشىلەرنى دايىم ئۇقتۇرغان. بۆرە قاساپ بولۇپ، ھارام بولۇپ قالغان ماللارنىڭ گۆشىنى ساتقان ئىمىش، شۇ سەۋەپلىك تەڭرى ئۇلارنى قاغاپ، ئەنە شۇنداق بەت-بەشىرە مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

بۇ ئەپسانىلەرمۇ مىفولوگىك مەزمۇن بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق مەزمۇندىكى ئەپسانىلەر باشقا تۈركى خەلقلىرىنىڭ فولكلورىدا ئۇچرىمايدۇ. يەنە بىر خىلدىكى ئەپسانىلەردە بولسا ھەرخىل ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «نىمە ئۈچۈن تۆگىنىڭ قۇيرۇغى قىسقا؟»، «قاغا نىمە ئۈچۈن قارا بولۇپ قالغان؟»، «ھۆپۈپ نىمە ئۈچۈن سېسىق؟ ئۇنىڭ تاجىسى نەدىن كەلگەن؟»، «بۇلبۇل نىمە ئۈچۈن تاڭ سەھەردە سايرايدۇ؟»، «پاشا نىمىشقا غىڭشىيدۇ؟»، «ئادەملەر نىمە ئۈچۈن قالغاچنى ئۇلۇغلايدۇ؟» ۋە باشقىلار. بۇنداق ئەپسانىلەر «نىمە ئۈچۈن» دىگەن سوئالغا جاۋاپ تەرقىسىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ھېكايە قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن چۆچەكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھازىرغىچە چۆچەكلەر

قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەپسانىۋى-لىق خاراكتېرى شۇ يەردىكى، ئۇلاردا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدەك يارقىن بەدىئى ئوبراز يارىتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ سيۇژېت قۇرۇلۇشىدا ئىپتىدائى تەسەۋۋۇردىن بارلىققا كەلگەن خىيالىي ئويدۇرمىلار ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق غەيرى تە-بىئى ۋە ئاجايىپ سېھىرلىك مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ھېكا-يىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئۇلار-نىڭ ئۆزىدە ئەسلى مەۋجۇت بولغان قەدىمقى كىشىلەر-نىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان ھەمدە مۇئەييەن دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقنىڭ مۇھىتقا، ھەققانىيەتكە باغلىق قاراشلىرى ئەكس ئېتىلگەن. بۇ قاراشلار بەكمۇ سادda، ئىلىمدىن تامامەن يىراق بولسىمۇ، ئەينى زاماندا ئۇ ياكى بۇ ۋەقەلەرنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىشكە، ئۇنى تەستىقلاشقا ھەركەت قىلىدۇ.

دېمەك، ئادەتتىن تاشقىرى فانتاستىكىلىق خۇسۇ-سىيەتلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئەپسانىلەرنى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك چۆچەكلەر بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ، ھەتتا بەزى ئەپسانىلەردە چۆچەكلەردىن ئېلىنغان سيۇژېتلارمۇ ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىلەر ئۇيغۇر فولكلورى ئىچىدە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئايرىم ژانىر بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانىلەرنىڭ (جۈملىدىن رىۋايەتلەرنىڭ) ئىجتىمائىي غايىسى ۋە پەلسەپۋى ئىدىيىسىنى چۈشىنىش ئەلۋەتتە بىر خىل مۇرەككەپ ئىلمىي ھادىسە.

بەزىلەر قەدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى قارا - قويۇقلار ئىدىيالىستىك پەلسەپۋى قاراشنىڭ ئىنكاسى دەپ قارىشىدۇ، دەرۋەقە، قەدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە خۇددى يۇنان ئەپسانىلىرىدە يارىتىلغان «ئولۇمپۇس تېغىدىكى تەڭرىلەر» دەك «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان» ھەممىگە قابىل ۋە قادىر «تەڭرىلەر» كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ تەڭرىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي مايىللىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، كېيىنچە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قويۇق ئىجتىمائىي تۈس ئالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ «تەڭرى» لەر ياكى ئىدىيالاشقان قەھرىمانلار، «تەڭرى» بىلەن ئىنساندىن تۇغۇلغان «يېرىم

ئىنسان»، «يېرىم تەڭرى» لەردۇر. شۇڭا، ئەپسانىلەردىكى «ئىلاھ»، ياكى «ئىلاھى كۈچ» ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا ھەرگىز ئابستراكت، مەۋھۇم چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئوبېيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيادا يارىتىلغان ئوبرازىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مۇئەييەن تارىخىي رىيالىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئالاھىدە ۋە ئوبرازلاشقان ئىنكاسى بولغاچقا، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا پەيدا بولغان بىردىن - بىر «دىنىي ھەقىقەتچىلىك» ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدىيالىستىك پەلسەپەۋى ئېقىمدىن ئەلۋەتتە روشەن پەرق قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي [illegible]گىيىلىك قاراشلىرىدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە، بۇ كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاتلار ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتى، ئاساسىي گەۋدىسى ۋە تەمايىللار سېستىمىسى ئېتىۋارى بىلەن ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىك نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرى شارائىتىدا ساددا ماتېرىيالىستىك خاراكتېردىكى ھەقىقەتچىلىك ۋە مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئىلغار ئامىللارغا ئىگە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ.

## 3 . رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى

رىۋايەت ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي توقۇلما ياردىمى بىلەن ھېكايە قىلغۇچى، رىيالىستىك خاراك-تېردىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرى بولۇپ، ئۇ مۇئەي-يەن تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ھەمدە يەر-لىك ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

رىۋايەتلەر تۈپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن تارىخىي پاكىتلارغا تايانسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر خىل سەن-ئەت ئىجادىيىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە قويۇق بە-دىئىي توقۇلمىغا ئەمەل قىلغاچقا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىج-تىمائىي كۆز قارىشىنى ۋە سەنئەت ئارزۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ، ئەسلى مەنىسىدىن خېلى دەرىجىدە يىراق-لاشقان بولىدۇ.

رىۋايەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىنسانلار ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باس-قۇچلىرىدا شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەپ-سانىلەر تەرەققىي قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا كىشىلىك خاراك-تېرغا يېقىنلىشىش ئاساسىدا رىۋايەتلەر بارلىققا كېلىدۇ.

رىۋايەتلەر مەلۇم بىر شەخس، تارىخىي ۋەقە ۋە يەرلىك ئالامەتلەرنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى بول-غاچقا، ئۇ ئادەتتىكى تارىخىي چىنلىققا قارىغاندا خېلى كۆپ تەرەپلەردە رومانتىك تۈس ئالغان بولىدۇ. لېكىن

ئۇ بەدىئى فونكتسىيە جەھەتتىن ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقە توغرىلىق كىشىلەردە مەلۇم چۈشەنچە پەيدا قىلالايدۇ. ھەتتا بەزىدە، تارىخىي تەزكىرىلەردە زىكرى قىلىنمىغان ياكى ئۇردا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاراكتېرى بۇرمىلىۋېتىلگەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرمۇ خەلقنىڭ ئاغزىدا رىۋايەتلىك ھېكايە بولۇپ ساقلىنىپ قالىدىغان بولغاچقا، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چۈشىنىشتە بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن رىۋايەتلەرمۇ ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «قەدىمقىلاردىن تەبىئەتكە بولغان چوقۇنۇشنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان» لىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تارىخ چىنلىقى بىلەن فانتازىيە ئۆز ئارا بىر بىرىگە سىڭىپ كەتكەن، شۇ سەۋەپتىن رىۋايەتلەر تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

رىۋايەتلەرنى مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن شەرتلىك ھالدا ئۈچ چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، شەخسلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر: بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەر ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆتكەن رىيال تارىخىي شەخسلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلغان. شۇڭلاشقا بۇنداق رىۋايەتلەر بىۋاستە ھالدا كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە تۇرمۇشلىرىنى

ئىنكاس قىلىدۇ، بەلگىلىك قەھرىمانلار (ھەرقايسى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن دىخانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ داھىلىرى، باسقۇنچىلىققا قارشى مىللى قەھرىمانلار، خەلق ئىچىدىكى ئىناۋەتلىك جامائەت ئەرباپلىرى ...)نىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگى ۋە ئىجادىي ئەمگىگى مەدھىيىلەنىدۇ. بۇنداق رىۋايەتلەردە يارىتىلغان قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى «ھەممە دەۋر ئورتاق» بولغان «ئۆلمەس تىپ»لار قاتارىدا ھازىرغىچە خەلق ئاغزىدا ساقلانماقتا.

ئىككىنچى، تارىخي ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر: بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەرمۇ تارىختا يۈز بەرگەن بىر قەدەر زور رىيال ۋەقەلەر ۋە ئۇنىڭ جەريانلىرىنى، يەر-زېمىن، تاغۇ دەريالار ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىگە خاس شەكىللەر بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق تەبىئەت ۋە جەمىيەت ئالىمىدىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە كىشىلەرنى بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، يەرلىك ئالامەتلەر ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر: بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەر ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ تارىخي چىنلىقىدا مۇقەددىمە — ئاخىر بولىدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، جەمىيەتشۇناسلىق ۋە مىللەت-

شۇناسلىق تەتقىقاتىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. بۇ تۇركۈمدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى كەڭرەك بولۇپ، كۆپچىلىگىدە ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتى، ئېتىقادى، پىسخىك ھالىتى، مىللى ئالاھىدىلىگى قاتارلىقلار ئەكس ئېتىلىدۇ.

ئومۇمەن، قايسى خىلدىكى رىۋايەتلەر بولسۇن، ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان مەزمۇنلار شۇ خىل مەزمۇندىكى ئەپسانىلەر بىلەن بەزى تەرەپلەردىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈشمۇ قىيىنراق. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قەدىمقى ئەپسانە - رىۋايەتلەر كىشىلەرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي دىتى سۈپىتىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان جانلىق شاھىدى بولۇپ، شۇ خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس مىراسلىرى ھىساپلىنىدۇ، قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى ھەمدە ئىجتىمائى غايىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتىرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق ھالدا توپلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر كۆپلىگەن ئەللەردە، جۈملىدىن ئېلىمىزدە ئەپسانەشۇناسلىق ۋە رىۋايەتشۇناسلىق ئىلمى مەخسۇس بىر پەن سۈپىتىدە شە-

كىلىنىپ، بۇ ساھەدە بىر يۈرۈش ئىلمىي تەتقىقاتلار قانات يايماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇندىن كېيىن بۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەپسانەشۇناسلىق ۋە رىۋايەتشۇ- ناسلىق نەزەرىيە سىستېمىسى شەكىللەنگۈسى.

ئەپسۇسكى، رايونىمىز شىنجاڭ بۇ ساھەدە ھېلىمۇ ئاق قالغان «بوشلۇق» ھالىتىدە تۇرماقتا. ھازىرغىچە بىزدە ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە بېغىشلانغان مەخسۇس بىرەر توپلام تېخى نەشر قىلىنغىنى يوق. بۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر فولكلورىدا ئەپ- سانە - رىۋايەتلەرنىڭ بولمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەس- تىن، بەلكى بۇ ساھە بويىچە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز- نىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەن بۇ سا- ھەدىكى ئۆگىنىشىمنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، كىتابخان- لارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش مەقسىتىدە دەس- لەپكى قەدەمدە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر يۈز قىرىق ئىككى پارچە ئەپسانە - رىۋايەتنى رەتلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەدەبىي ۋە تارىخىي مەنبە- لەردىن تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى ئېتىنىك جە- ھەتتىن شەرتلىك ئاساستا ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈش مۇم- كىن: بىرى، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر (جۇڭ-

لىمدىن ئۇيغۇرلار)نىڭ يەرلىك مىللىي سيۇژېتلىرى ئاسا-
سىدا پەيدا بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر بولۇپ، ئۇ
ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىرى، ھىندى -
ياۋروپا (بولۇپمۇ ئىران، پارس ھىندى) تىل سىستې-
مىسىدىكى خەلقلەردىن سىڭىپ كىرگەن كۆچمە سيۇژېتلار
ئاساسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر. بۇ ئىككى خىل مەن-
بەلىك ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئۆزئارا ئەلۋەتتە سىڭىش-
تۈرمە تەرەققىياتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاقلىغى
ۋە ئايرىمىلىغىنى ئىلمىي ھالدا يەكۈنلەش زۆرۈر. شۇڭا
ھازىرچە مۇنداق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولالمىغان ئەھ-
ۋال ئاستىدا تەييارلانغان بۇ توپلامدا بەزى خاتالىق
كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئۇستازلار ۋە يولداش-
لارنىڭ تەنقىدىي پىكرىنى قارشى ئالىمەن.

تۈزگۈچىدىن

1984 - يىل مارت

# 1 . مىفولوگىك ئەپسانىلەر

## «ئىككى ياراتقۇچى كۈچ» ھەققىدىكى ئەپسانە①

قەدىمقى زامانلاردا ئىككى ياراتقۇچى كۈچ — ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەڭرىسى بولغان ئىمىش، ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك تەڭرىسى ئاخرامازدا بولۇپ ئۇ ئۆز ياردەمچىلىرى ئارقىلىق ئوت، چارۋا، مېتال، يەر، سۇ ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى باشقۇرىدىكەن. ئۇنىڭغا قاراشلىق بارلىق نەرسىلەر ئىنسان تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ۋە خىزمەت قىلىشقا قارىتىلغان ئىكەن.

ئانگىرامەنيۇ (ئاخرامان) بولسا بارچە ياۋۇزلۇق ۋە يامانلىقنى باشقۇرغۇچى تەڭرى بولۇپ، ئۇ ئاخرامازداغا قارشى چىقىدىكەن ۋە ئۆزىگە قاراشلىق دىۋىلەر ياردىمىدە ئىنسانلارغا ئازاپ - ئوقۇبەت، مۇشەققەت، كۈلپەت كەلتۈرىدىكەن ئاخرامان زور كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئاخرامازداغا ئوخ-

① بۇ ئەپسانە زەردۇشتىلارنىڭ «ئاۋۇستا» كىتاۋىدا خاتىرىلەنگەن «ئۆزبېك ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى. تاشكەنت 1980 - يىل نەشرى.

شاش ھەممە نەرسىگە قادىر ۋە قابىل ئەمەس ئىكەن.
شۇ سەۋەپلىك ھەر قېتىملىق ئېلىشىشتا يامانلىق كۈچى
بولغان ئاخرامان، ياخشىلىق كۈچى ئاخرامازدا ئال-
دىدا دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىكەن، ئاخرامازدا
يەنە يورۇقلۇق مەنبەسى قۇياش، ئوت بولسا قۇياشنىڭ
بىر پارچىسى دەپ، بۇ ئىككىسىگە تايىنىشنى ئادەمزاتقا
جىكىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىترانى قۇياش ۋە يورۇق-
لۇق تەڭرىسى ناختىنى شات - خوراملىق ۋە پاراۋان-
لىق تەڭرىسى، ھومانى بەخت - تەلەي ۋە دۆلەت
تەڭرىسى ئاناختا ۋە خۇيىنى سۇ تەڭرىسى، مىررىخنى
ئۇرۇش ۋە غەلىبە تەڭرىسى، كېيۇمارىس ۋە جەمشىت
(يىما) نى ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك تەڭرىسى قىلىپ
بەلگىلىگەنمىش.

## ئاناختا ھەققىدە ئەپسانە①

خۇش قامەت، كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان، توغرا
سۆز، مەرھەمەتلىك گۈزەل قىز ئەدۋىسورا ئاناختا
ئىنسانلارغا كۈچ قۇدرەت بەخش ئەتكۈچى، سۇنىڭ
مول بولۇشىنى تەمىنلىگۈچى مۇقەددەس مەبۇدە ئىكەن،
ئۇ بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ ئىمسالى بولغان ئاجىدىھاك،
دىۋە ۋە سېھىرگەرلەرگە قارشى چىقىپ ئۇلارغا جەڭ
ئېلان قىپتۇ. جەڭ ئالدىدىن غەلىبە قازىنىشنى سوراپ

① يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

مۇقەددەس ھوماغا سېغىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي، مەر-
ھەمەتلىك زەبەردەست، بەخت ۋە تەلەي تەڭرىسى
ھۇما! ماڭا مەدەت بەرگىن ئۇچ ئېغىز ۋە ئۇچ
باشلىق، ئالتە كۆز ۋە مىڭ خىل كۈچلەر سۇلتانى
ھەيۋەتلىك ئاجداھاك ئۈستىدىن غالىپ چىقاي»
دەپ ئىلتىجا قىپتۇ، تەڭرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپتۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئاناخىتا ئىنسانلارغا بالايى ئاپەت كەل-
تۈرگۈچى يەتتە باشلىق يالماۋۇز — ئاجداھاكنى يەر
يۈزىدىن پاك پاكىز يوقىتىپ، ئىنسانلارغا كۈچ
قۇدرەت بەخش ئېتىپتۇ.

## كيۇمارس ھەققىدىكى ئەپسانە①

ئاخرامانىنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن ھەيرەتتە
قالغان تەڭرىنىڭ پىشانىسىدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ،
تەرنى ئېرتىپ تاشلىغان ئىكەن، تەر تامچىسىدىن كيۇ-
مارس تۇغۇلۇپتۇ. خۇدا كيۇمارسنى ئاخرامانىنىڭ
يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. كيۇمارس ئاخرامانىنىڭ يېنىغا
يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋاپتۇ ۋە شۇ
تەرىقىدە دۇنيانى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. ۋاھالەنكى،
ئاخرامان بىر ھىيلە بىلەن كيۇمارسنى يەلكىسىدىن
ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ ـ دە ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ

① بۇ ئەپسانە «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابتىن
ئېلىندى. تاشكەنت 1977 ـ يىل نەشرى.

ئۇنى يەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «سېنى قايسى تەرىپىڭدىن يەي؟» دەپ سوراپتۇ. «ئاياق تەرىپىڭدىن، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كيومارىس، - ئاخىرقى نەپسىمگىچە دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن بەھر ئېلىپ تۇراي».

ئەمما كيومارىس ئاخرامانىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. دىگەندەك ئاخرامان كيومارىسنى بېشى تەرەپتىن يېيىشكە باشلاپتۇ. يەپ بېلىگە يەتكەندە كيومارىسنىڭ ئۇرۇقدىنىدىن ئىككى تال ئۇرۇق يەرگە چۈشۈپتۇ، ئۇلاردىن ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ چىقىپتۇ. ئاشۇ ئۆسۈملۈكلەردىن بىر ئوغۇل، بىر قىز پەيدا بوپتۇ.

## جەمشىت ھەققىدىكى ئەپسانە ①

جەمشىت ئادالەتلىك پادىشا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ زامانىدا قەھرىتان سوغاقمۇ، پىژ - پىژ ئىسسىقمۇ بولمايدىكەن. ھەتتا كېسەللىك ھەم ئۆلۈممۇ يۈز بەرمەيدىكەن. جەمشىتنىڭ يېرىدە ھەر خىل مال ۋە ئادەملەر تولۇپ تۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن يەر يۈزىنى ئۈچ باراۋەر كېڭەيتىپتۇ. چارۋىنى ھەم تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنى كۆپەيتىپتۇ. بىراق مىڭ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يۇرتىدا قەھرىتان قىش باشلى-

① بۇ ئەپسانە «ئاۋىستا»، «شاھنامە» ۋە داۋايىتىنىڭ «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان. شۇ ئۇقىغا ئاساسەن ئېلىندى.

نىپ، كىشىلەرگە ئاپەت كەلتۈرۈپتۇ، يايلاق - ئوتلاقلارنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جەمئىي ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشقا باشلاپتۇ، كاتتا ئۆستەڭ - توغان ياساپ، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى سۇ تاشقىنىدىن ساقلاپ قاپتۇ.

## ئادىمى ئات ئەپسانىسى①

بۇرۇنقى زاماندا نۇھ پەيغەمبەر بويى بولۇتقا يېتىدىغان بىر قاۋۇل ئۇستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا كېمە ياساپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ نامى «ئادىمى ئات» ② ئىكەن. بۇ ناھايىتى ئېگىز بويلۇق، كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، دەريا ۋە دېڭىزدىن لەھەڭلەرنى تۇتۇپ، ئۇنى قۇياشقا قاخلاپ پىشۇرۇپ يەپ جاھانسازلىق قىلىدىكەن، ئادىمى ئات نۇھ پەيغەمبەرنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ تاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. قەيەردە ئېگىز دەرەخ بولسا، كېمە ئۈچۈن كەسمەكچى بوپتۇ. تاغدا تۆت تۇپلا كاتتا چىنار بار ئىكەن. ئۇ چىنارلارنى يىلتىز - پىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىپ،

---

① e. n. تولستوپنىڭ «ئۆزبېكىستاننىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى» دېگەن كىتاۋىدىن ئېلىندى. تاشكەنت 1944 - يىل نەشرى.

② «ئات» سۆزى پارس - تاجىك تىلىدا «يوغان ئادەم»، «چوڭ ئادەم» مەنىسىنى بېرىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «ئادىمى ئات»-نى مۇئەككەللىك، مەرھەمەتلىك قەھرىمان سۈپىتىدە داۋايەن بولىدۇ.

يەلكىسىگە ئارتىپ، ئۇستىگە نۇھ پەيغەمبەرنى ئولتۇرغۇزۇپ، دېڭىز بويىغا راۋان بوپتۇ. ئادىمى ئاتنىڭ قوسىقى زادى تويمايدىكەن، ھەتتا ناشتىلىقى ئۈچۈنلا بىر كۆلچەك سۇغا نان چىلاپ ئىچىۋېتىدىكەن، شۇنداق قىلىپ ئادىمى ئات كېمىنى پۈتتۈرۈپتۇ. ھەممە ئادەملەرنى كېمىگە سېلىپ دېڭىزغا چۈشۈرۈپتۇ — دە، ئۆزى كېمىنى تارتىپ مېڭىپ، ئادەملەرنى توپان بالاسىدىن قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

## سۇ مۇئەككىلى خۇببى يىگىت ئەپسانىسى①

پەرىدون ھەتتا جەمشىت پادىشا بولۇشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى ئامۇ دەرياسىدا بىر يىگىت ياشايدىكەن. بۇ يىگىت دەريالارنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى خۇببى ئىكەن، ئۇ يىگىت بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن، ئۇ بىر قولى بىلەن بېلىقنى تۇتۇپ ئالىدىكەندە، ئۇنى قۇياشقا قاخلاپ پىشۇرۇپ يەۋېرىدىكەن. ئۇ يەتتە يۈز يىل داۋامىدا ئامۇ دەرياسىدا ياشاپتۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ھېچقانداق ياۋۇز جان دەرياغا يېقىنلىشالمىغان، ھەتتا ئۇ ۋاقىتتا چىۋىنلەرمۇ بولمىغان ئىكەن. جەمشىت تەختكە ئولتۇرغاندىن باشلاپ خۇببى يىگىت دېرەكسىز

① بۇ ئەپسانە غۇلاموپنىڭ «خارەزمنىڭ سۇغۇرۇلۇشى» دېگەن كىتاۋىدىن ئېلىندى. تاشكەنت 1959 - يىل نەشرى.

غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ ... خۇبىينىڭ ئانىسى مىڭ يىل-
دىن بۇيان ئۇنىڭغا ھازا تۇتۇۋېتىپتۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ
دەريا، سەھرا، تاغ ۋە قىيالارمۇ يىغلاپتۇ، ئادەملەر،
قۇشلار، ھايۋاناتلارمۇ ھازا تۇتۇپ يىغلاپتۇ، ئاسماندىكى
پەرىشتىلەر، يەر ئاستىدىكى دىۋىلەرمۇ يىغلاپ ھازا
تۇتۇپتۇ.

خۇبىي تىرىكمىش، ئۇ قىيامەتكىچە ياشايدىكەن.
ئۇ ئىنسانلارغا نىجاتلىق بېرىدىكەن ... مانا مۇشۇن-
داق بىر كۈچ بۇ دەريالارغا ھامىيلىق قىلىدىكەن.

## ئۇماي ئىلاھى①

ئالەمنىڭ ئۈستىنى ياراتقۇچى ئىگە — تەڭرىنىڭ
تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، ئۇ نۇرلۇق، پارلاق ماكان
ئىكەن. ئۈستۈنكى پارلاق ماكان بىلەن ئاستىنقى قا-
راڭغۇ ماكاننىڭ ئارىسىدا ئۇماي بولۇپ، ئۇ ئەۋلاتلا-
رىغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەسىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت
ئىلاھى — «ldog» (قۇت - بەخت) دەپ ئاتىلىدىكەن.
ئۇماي ئانا يەنە مۇھەببەت ئىلاھى، ئېغىر ئاياق ئاياللار چوقۇ-
نىدىغان ئىلاھ، ئۇششاق بالىلار ھامىيسى دەپمۇ قارىلىدىكەن.

① بۇ ئەپسانە قەدىمقى خەنزۇچە سانسكرىتچە ۋە ئۇيغۇرچە ھۆججەت-
لەردە خاتىرىلەنگەن. شۇ نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى.

## هازاراسپ («مىڭ ئات») ئەپسانىسى①

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمقى زاماندا، تارىم بويىدا مىڭ ئۇچار ئات بار ئىكەن. بۇ ئۇچار ئاتلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دائىم كېلىپ سۇ ئىچىدىغان بۇلىقىغا بېھۇش قىلىدىغان دورا سېلىپ قويۇپتۇ، مۇشۇ ھىلە بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن ئاتلارنى تۇتۇپتۇ، قاناتلىرىنى قىرقىپتۇ ۋە ئۇلارنى ئىنسان خىزمىتىگە كۆندۈرۈپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئاشۇ جاينىڭ نامىنى ھازاراسپ («مىڭ ئات») دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ.

## تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە ئەپسانىلەر

تۈركلەر بۇرۇن غەربىي دېڭىزنىڭ غەربىدە② ياشىغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇغىنىڭ ئىسمى ئاشىنا بولۇپ، باشقىلىرى قەبىلە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى

---

① بۇ ئەپسانە «ئۆزبېك ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. تاشكەنت 1980 - يىل نەشرى.

② بۇ ئەپسانە «ئاق لى، يەنشۇ قاتارلىقلار تەھرىرلىگەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 9 - توم 13 - جىلدقا ئاساسلانغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ئەپسانىۋى تۈسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىر ئارىلىقىدا پەيدا بولغان. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرە

خوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپتۇ. پەقەت پۇتلىرى كېسىـ ۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقـ لاندۇرۇشى بىلەن ساق قېلىپ چوڭ بوپتۇ. بۆرە بۇ بالىدىن ھامىلدار بوپتۇ. كېيىن ھېلىقى بالا ياۋلەشـ كەرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ. بۇ چاغـ دا بىر ئەۋلىيا ھېلىقى بۆرىنى غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئېدىقۇتنىڭ غەربىگە جايلاشقان شىمالىي تاققا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۆرە ئۇ جايدا ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ بولۇپ كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولۇپ،

لەنگەن غەربىي دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى ۋە ئىسسىق كۆل بويلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ غەربىدە سەكىت (ساك) لار ئىچىدىكى ھاساكىت قەبىلىسى ياشىغان. ئاشىنا (Asana) قەدىمقى ساك تىلى بولۇپ، ئۇ «قىممەت»، «ئەتىۋار» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ساكلارنىڭ تارىختا كۆزلىنىدىغان دەۋرى مىلادىدىن ئاۋالقى 7 - ئەسىردىن 3 - ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتلار ئىدى.

جىنخودى تۈزگەن «جۇنامە» نىڭ 50 - جىلدىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ رىۋا- يەتتە تىلغا ئېلىنغان ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ بۆرە ئەجدادى قېچىپ بارغان جاي ئىدى- قۇت (ھازىرقى تۇرپان) نىڭ غەربىگە جايلاشقان جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇ- بىدىكى تاغدۇر. بۇ تاغ ئىچىدە بىر غار (ئەھلىيەتتە جىلغا) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى تەكشى، ئوت-چۆپلىرى مول ئىكەن. كەڭلىكى نەچچە ئون چاقىـ رىم كېلىدىغان بۇ جاينىڭ تۆت ئەتراپىدا تاغلار بار ئىكەن. «غەربىي ئەلنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» 2 - توم 10 - جىلدتا بولسا، ئۇ تاغنى تېخىمۇ كونكرېت ھالدا، بوغدا چوققىسىدەپ ئاتىغان. بۇ جاينىڭ جۇغرا- پىيىلىك جەدۋىلىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ يەردە كۆمۈر، تۆمۈر ماددىسى كۆپ بولۇپ، قېزىۋېلىش ئاسان ئىكەن. ئۇيەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن تۈر! (دېمەك- ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى) لارنىڭ قەدىمقى زاماندا تۆ- مۈرچىلىك بىلەن نامچىقارغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار.

ئاشىناشىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەن. ئاشىنا-شىرنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، ئۇلار تاغدىن ئايرىلىپ، جۇرجانلارغا تەۋە بوپتۇ.

## بۆرە توتېم ئەپسانىسى[1]

(1)

تاڭ سۇزۇلغاندە، ئوغۇز خاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشۈپتۇ. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقىپتۇ. بۇ بۆرە ئوغۇز خاقانغا مۇنداق دەپتۇ: «ھەي، ئوغۇز، سەن ئورۇمغا[2] ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن.»

شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلىنىپتۇ. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك كۆك ياللىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپتۇ.

---

① بۇ ئەپسانە مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوغۇزنامە» دىگەن كىتابتىن ئېلىندى.

② ئورۇم — جاي ئىسمى، بەزى تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە ھازىرقى ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى ئورۇمتاي بولۇپ، ئورۇم ئەنە شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

# بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانە ①

## (2)

ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ مېڭىپتۇ. قاپقاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن، شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بوپتۇ.

① بۇ ئەپسانە خىۋە خانى ئوبۇلقاسىم باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى

# ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئادىتى ھەققىدىكى ئەپسانە①

ئوغۇز خاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ. نەۋكەرلىرىنى، ئەل - جامائەتنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار كېلىپ با مەسلىھەت ئولتۇرۇشۇپتۇ، ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا ئوڭ تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتقۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئېسىپتۇ، ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلاپتۇ. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتقۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئېسىپتۇ. تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلاپتۇ، ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار ئولتۇرۇپتۇ. سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇرۇپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بوپتۇ.

① بۇ ئەپسانە مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوغۇزنامە» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى

# 2. خىيالىي ۋەقە ۋە خىيالىي قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

## ئىككىنچى ئادەم نۇھ ھەققىدىكى ئەپسانە ①

نۇھ پەيغەمبەر «توپان بالاسى»دا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن كېمە ياساپ ھەر جىنىس مەخلۇقتىن بىر جۈپ كېمىگە سالىپتۇ. ئاخىرى جۇدى تېغىغا كېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە كېمىنى تارتىپتۇ. ئادەم ئۇرۇغىدىن سەكسەن كىشى سالامەت چىقىپتۇ، ئەمما يول ئاۋازى ۋە سۇنىڭ تەسىرىدىن ھەممىسى ھالاكەتكە يولۇقۇپ، پەقەت نۇھ پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى سام، هام، ياپەس ھەمدە ئۈچ ئايال جەمئىي يەتتە كىشى سالامەت قاپتۇ. يەر يۈزىدىكى ھەممە ئىنسان گۇرۇھى ۋە ئادەم ئۇرۇغى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ مۇشۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەن. نۇھ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى ئادەم دېيىلىدىكەن.

① بۇ ئەپسانە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتاۋىدىن ئېلىندى.

## نوھنىڭ ئوغلى سام ھەققىدىكى ئەپسانە ①

سام باشقا ئوغۇللاردىن ئەقىللىق، دانا، پاراسەتلىك ئىكەن. پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى نوھ شۇنىڭ ئۈچۈن سامغا ھاۋالە قىپتۇ. باشقا ئوغلانلىرىنى سامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئالەمنىڭ ئاۋاتراق ۋە ئوبدانراقىنى، رۇبئى مەسكۇن (قۇرۇقلۇق) قىسمىنى ھەممە كىلىماتى مۆتىدىل، ھاۋاسى ياخشىسىنى بۇ پەرزەنتىگە بەخشەندە قىپتۇ. ئەۋلىيا - ئەنبىيا، پەيلاسوپ، ھۆكۈما، سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنى سامنىڭ نەسلىدىن قىلغىن، دەپ دۇئا قىپتۇ. سام بەش يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. توققۇز پەرزەنتلىك بوپتۇ. بۇلار ئەرپەھشەت، كيۇمارىس، ئەسۋە، دىقىن (دىقىيانۇس)، لەۋاج، لاد، ئەيالەم، لەدىم ۋە يۇرلار ئىكەن. ئەر پەھشەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى. كيۇمارىس پادىشالارنىڭ ئاتىسى.

سام بۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەر بىرىنى بىر تەرەپكە ئەمىر (شاھ) قىپتۇ. ئەۋلاتلىرى ئون توققۇز خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار بابىل، يەمەن، ھەزرەمۇت، ئۇممان، ئىراقەين (ئىراقى ئەرەپ ۋە ئىراقى ئەجەم)، پارىس يەرلىرىدە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. بەزىلىرى شەرق ۋە جەنۇپ تەرەپلەرگە بېرىپ ھام ۋە يافەسنىڭ ئەۋلاتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كۆپىيىپ، شەھەر - ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپ ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ.

① يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

## نوھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى هام
## ھەققىدىكى ئەپسانە ①

هام ئالەمنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە بېرىپ دەريايى مۇھىتىنىڭ ساھىللىرىدا ۋەتەن تۇتۇپتۇ. ئۇ توققۇز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بۇلار ھىند، سىند، نوبە، كەنئان، نزەنج، كۇش، قىبتى، بەربە، ھەبەش دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئون سەككىز خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار كۆپ شەھەر ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىپتۇ.

## نوھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى - ياپەس
## ھەققىدىكى ئەپسانە ②

ياپەس شەرق ۋە شىمال تەرەپتە، ئېدىل، ئېرتىش دەريالىرى بويىلىرىدا ۋەتەن تۇتۇپتۇ. ئۇ ئوبدان قائىدە ۋە رەسمىي يوسۇنلارنى پەيدا قىپتۇ ۋە چىن ئېلىدە بىر شەھەر بىنا قىپتۇ. تەگرى ياپەسكە ئون بىر پەرزەنت بېرىپتۇ. ئۇلار چىن، ساقلاپ، گومارى، تۈرك، خەلەج، خەزر، رۇس، سەدسان، غەربا، رۇج، مەنسەخ دىگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆز ئەۋلادىدىن بىردىن قىز ئېلىپ بېرىپتۇ.

① يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.
② يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

«يۇرتنى ئاۋات - مەمۇر قىلىڭلار، بەندىلەرگە ئوبدان تەربىيەت قىلىڭلار، ئۇلار كۆپەيسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىغا تۈرك باشچى بوپتۇ. بۇ ناھايىتى غەيرەتلىك، مەردانە، ھۈنەرۋەن، ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ ئەتراپنى سەيلە قىلىپ بىر كىچىك دەريا بار جايغا بېرىپتۇ. ئۇ يەرنىڭ ئېتى «سەيالۇك» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ يەردە بۇلاقلار، ئاقار سۇلار، تۈرلۈك قۇشلار كۆپ ئىكەن. تۈرك بۇ جاينى خالاپ، شۇ يەردە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. گىيا - قومۇشلاردىن ئۆي ياساپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چېدىر - بارگاھ قۇرۇلۇشىنى پەيدا قىپتۇ. مال - چارۋىلارنىڭ تېرىسىدىن تون، تۇماق تەييارلاپ كىيىپتۇ. تۈرك ئادالەتلىك ۋە شەپقەتلىك پادىشا ئىكەن. پۇقرالارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ تەربىيەت قىلىشتا زادى بوشاڭلىق قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ ئوبدان باللىرى بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى «پۇدەك» ئىكەن. پۇدەك شىكارغا ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى چۆل - جەزىردە كىيىك گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغان چاغدا بىر پارچە گۆش قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سېپتۇ. بۇ گۆشنىڭ بەك لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاماقنى تۇز بىلەن يېيىشنى ئادەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۇزنى بىلمەيدىكەن. ياپەسنىڭ يەنە بىر ئوغلى خەرز

شىمالدىكى يەرلەردىن ئۆتۈپ دەريا ئېۋدىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەرنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرۈپ، شۇ يەردە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. پەرزەنتلىرى بىلەن تۈلكە، سولەيسۇن ... لەرگە شىكار قىلىپ، تېرىسىنى ئېگىن قىلىپ كىيىپتۇ. خەرز ھايات ۋاقتىدا بالىلىرىدىن بىرى سۇدا غەرق بوپتۇ. «سۇنىڭ قارشىسى ئوت ئىكەن» دەپ كۆپ ئوتۇن توپ-لاپ قەۋم - جامائەتلىرىنى ھازىرلاپ، داپ، تەمبۇر قاتارلىق نەغمە سايمانلىرىنى تەييارلاپ، نەغمە ساز بىلەن بالىسىنىڭ جەسىدىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تاغنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ھەسەل تېپىپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ھاۋا ئېتىشنى پەيدا قىپتۇ.

## چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى ①

چىن بىننى ياپەس ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، ھوشيار، تەدبىرلىك ئىكەن. دادىلىرى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن «چىن» دەپ ئاتاپتۇ. چىننىڭ تەبىئىتى ئۇستۇن، ھونەرۋەن ئىكەن. نەققاش-چىلىق، ئويمىچىلىق ۋە گۈللۈك ئىگەن تىكىشنى ئىجات قىپتۇ. پەرزەنتلىرىگە ھەم تەلىم بېرىپتۇ. پىلە بېقىشنى ئىجات قىپتۇ. چىننىڭ خوتۇنى يۈزى نۇرلۇق، ئوچۇق چىراي بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا «ماچىن» دەپ

① يوقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

ئات قويۇپتۇ، ماچىن ئۆيلىنىپتۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى ۋە ئورۇقلىرى كۆپىيىپتۇ. دادىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، مىنىڭ بالىلىرىم - ئەۋلاتلىرىم كۆپىيەيدى، بۇ زېمىنغا سىغىشمايدىغان ھالەتكە يەتتىم. رۇخسەت بەرسىڭىز يېقىنراق بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇرسام دېگىنىدە، چىن ماقۇل كۆرۈپ بىر شەھەر بىنا قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ نامى بىلەن «ماچىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ماچىن بالىلىرىغا قوينىڭ يۇڭىدىن ئېگىن قىلىپ كىيىشنى ئۆگىتىپتۇ. «ئۇنىغا» دېگەن چىرايلىق قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت ئۈچۈن باشلىرىغا قاداپتۇ. جەڭ كۈنلىرىدە ئۇنىڭ باتۇرلىرى دەستار - دوبۇلغىلىرىغا ئۇنىغا قۇشنىڭ پەيلىرىنى بېكىتىپ، ئۆزىنى ھەيۋەتلىك ۋە باتۇر كۆرسەتسۇن، دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بىر قېتىم ماچىن ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ كىيىكنى سەيە (ئوۋ) قىپتۇ. ئۇنىڭ كىندىكىدىن خۇشبۇي قان ئېقىپتۇ. ئۇ قاننى ئاسراپ ساقلاپتۇ. قان قۇرۇغاندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشبۇي پۇراق چىچىپتۇ. ماچىن: ھەركىم بۇنىڭغا ئوخشاش كىيىك ئوۋ قىلسا، كىندىكىنى ئېھتىيات بىلەن ساقلىسۇن، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىيىكنى ئوۋ قىلسا كىندىكىنى ئالىدىغان بولۇپ، مۇشىك (ئىپار) ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بوپتۇ. چىن ۋە ماچىنىڭ ھاياتلىقىدا ئۇلارنىڭ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى

ئوتتۇرىدا ئالتە خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم تائىپە ۋە قەبىلە بولۇپ، ئۆز ئارا سۆزلىشەمەكچى بولسا تىلماچ ئىشلىتىدىكەن. ھەر بىر تائىپە بىر تەرەپكە بېرىپ شەھەر - ئىمارەتلەر بىنا قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

## قاراخان ۋە ئوغۇزخان ئەپسانىسى ①

تۈركىنىڭ چەۋرىسى ئەلەنجەخان ئاخىرقى ئۆمرىدە يۇرتىنى ئىككى ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ھودۇر - فاسىل (چېگرا) توختىتىپ موغۇل خانغا تەيىن بولغان زېمىننى «موغۇلىستان» دەپ، تاتار خانغا تەئەللۇق بولغان زېمىننى «تاتارىستان» دەپ ئاتاپتۇ. ئەلەنجە خاننىڭ نەۋرىسى قاراخان ئۆزىنىڭ ئىسمىغا مۇۋاپىق تەبىئىتى ناھايىتى قارا بولۇپ، مۇسۇلمان زاتىغا ناھايىتى ئۆچ ئىكەن. ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزى ناھايىتى نۇرلۇق ئىكەن. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنگىچە ئۆز ئانىسىنى ياكى باشقا ئاياللىنى ئەممەپتۇ. ئانىسى تولا غەم قىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئوغلىنىڭ «ئى ئانا، مۇسۇلمان بولساڭ سۈتۈڭنى ئاغزىمغا ئالىمەن، ئەگەر مۇسۇلمان بولمىساڭ سۈتۈڭنى ئاغزىمغا ئالمايمەن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپتۇ. ئانا

① يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن بالا ئۇنىڭ سۈتىنى ئېمىپتۇ. لېكىن دىلى قارا
ئېرى قارا خاندىن بۇنى قەتئىي مەخپى تۇتۇپتۇ. موغۇل-
لارنىڭ ئادىتى بويىچە بالا تۇغۇلۇپ بىر يىل تولغاندا
ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ، چوڭ - كىچىك يۇرت - جا-
مائەتنى چىللاپ، بالىغا ئات قويۇش مەرىكىسى ئۆتكۈ-
زىدىكەن. ۋاقتى سائىتى يېتىپ كەلگەندە قاراخان خو-
تۇنىغا: «بالىمىزغا نىمە دەپ ئات قويساق بولىدىكىن»
دەپ سۆزلىشىپ تۇرغاندا، بۇ بىر ياشتىكى بالا دەر-
ھال زۇۋانغا كىرىپ: «مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز بولسۇن»
دەپتۇ. قاراخان ھەيران بولۇپ، خوشاللىق بىلەن:
«ئوغۇزخان» دەپ ئات قويۇپتۇ. ئوغۇز بالاغەتكە يەت-
كەندە ئۇنىڭغا ئىنىسىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.
ئوغۇز بۇ قىزغا قاراپمۇ قويماي شىكارغا كېتىپتۇ. شى-
كاردىن يانغاندا ئوغۇز بۇ قىزنىڭ ئۆيىگە چۈشمەي
يەنە بىر تاغىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بىر قىزى
بار ئىكەن. ئۇ قىز ئوغۇزغا: «مەن سىزنىڭ خىزمىتى-
ڭىزدە بولسام» دەپ تەلەپ قويۇپتۇ. ئوغۇز ئۇ قىزغا:
«ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ ئەھدى - نىكايىمغا ئالاي»
دەپتۇ. قىز ماقۇل كۆرۈپ مۇسۇلمان بوپتۇ. ھەر ئىككى-
سى ۋەدە قىلىشىپتۇ. ئوغۇز بۇ سىرنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ
ۋە دادىسىمۇ خەۋەر تېپىپ، بۇ قىزنى ئوغلى ئوغۇزغا

ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭغا مۇھەببىتى ئارتۇقچە بوپتۇ.
بىر مەزگىلدىن كېيىن ئوغۇز يەنە شىكارغا ئاتلىنىپتۇ.
شۇندا قاراخان ئوغۇزنىڭ يۇرۇنقى خوتۇنىدىن سوراپتۇ :
«ئوغلۇم ئوغۇز سېنى نېمە ئۈچۈن يارىتمىدى ؟».
بۇ رەشىنچى خوتۇن : «ئوغلىڭىز مۇسۇلمان بولغان
ئىكەن، كېيىنكى خوتۇنى ھەم مۇسۇلمان بوپتۇ. مەن
بولسام ئاتا ـ ئانىلىرىمىنىڭ ئېتىقادىدىن يانمىدىم. شۇ
سەۋەپتىن ماڭا كۆڭۈل بەرمىدى» دەپتۇ. بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ قاراخاننىڭ غەزىۋى ئۆرلەپتۇ. ئوغلىنىڭ ئۈس-
تىگە ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. ئوغۇزنىڭ مۇسۇلمان
خوتۇنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئو-
غۇزغا خەۋەر بېرىپتۇ. ئوغۇزمۇ دەرھال ئەسكەر تەييار-
لاپتۇ. ئىككى تەرەپ بولۇپ قاتتىق جەڭ باشلىنىپتۇ.
نەتىجىدە ئوغۇز غالىپ چىقىپ قاراخان ۋە ئۇنىڭ
نۆرغۇن ئادەملىرىنى يوقىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن غەلىبە
قىلغان ئوغۇز دادىسى قاراخاننىڭ پايتەختىدە ئولتۇ-
رۇپتۇ ۋە پۈتۈن يۇرتنى مۇسۇلمان قىپتۇ. ئادالەت ئور-
نىتىپ، ئەلنى ئاۋات قىپتۇ. بىر يۈز يەتمىش يىل پا-
دىشالىق قىلىپ، ئۆمرىدە ئالتە پەرزەنت كۆرۈپتۇ.
ھەر بىر پەرزەنتىنىڭ تۆتتىن بولۇپ يىگىرمە تۆت ئو-
غۇل نەۋرىسى بوپتۇ. ھەر بىر نەۋرىسى بىر نائىپە،
بىر قەبىلە بولۇپ، ئۆزلىرىگە ئۇيغۇر، قانقلى، قاي،
قالاچ ... قاتارلىق ئىسىملارنى قويۇشۇپتۇ.

# رۇستەم ئەپسانىسى ①

«رۇستەمى داستان»دا مۇنداق ھىكايە قىلىندۇ:

«شۇنداق قىلىپ رۇستەم دىۋلەرنى قوغلاپ شەھەر دەرۋازىسىغىچە بېرىپتۇ. كۆپ دىۋلەر ھالاك بوپتۇ. قالغانلىرى شەھەر ئىچىگە كىرىۋېلىپ، دەرۋازىنى بېكىتىۋاپتۇ. رۇستەم ئۇلۇغ غەلىبە بىلەن قايتىپتۇ. ئۇ بىر ئوتلاق يايلاۋدا توختاپتۇ. ئېتىنى ئوتلاش ئۈچۈن قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. رۇستەمدىن يېڭىلگەن سان - ساناقسىز دىۋلەر جەڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ، دەرۋازىنى ئېچىپ رۇستەمنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئات - ھارۋىلارغا، پىل، چوشقا، تۈلكە، ئىت ۋە يىلانلارغا مىنىپ، بىر قانچىسى پىيادە، يەنە بىر قانچىسى قۇشتەك ئۇچۇپ ھەدەپ كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن رەخش ئوتلۇق نەپسى بىلەن رۇستەمنى ئويغىتىپتۇ. رۇستەم ئويغىنىپ قاپلان تېرىسىدىن قىلىنغان كىيىمنى كىيىپتۇ ۋە ئېتىنى سوراپتۇ. رەخش: ھەزرىتىم، دىۋلەر ئوتلاقنى قاپلاپ كەتتى. ئات شۇ يەردە، دەپتۇ. رۇستەم رەخشنىڭ ئۈستىگە مىنىپ دىۋلەرگە تاشلىنىپتۇ. غەزەپ بىلەن شىردەك ھۆكىرەپتۇ. دىۋلەر قورقىنىدىن ئارقىسىغا قارىماي قېچىشقا باشلاپتۇ».

---

① بۇ ئەپسانە «ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى. تاشكەنت 1980 - يىل نەشرى.

## ئوغۇزخاننىڭ بالىلىرى ھەققىدىكى ئەپسانە ①

ئوغۇز خاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىكەن. ئۇ بىلەرمەن ۋە لالا ۋەزىر ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆرۈپتۇ. بۇ ئالتۇن يا كۈنچىقىشتىن تا كۈنپېتىش- قىچە سوزۇلغان ئىكەن. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئويقۇدىن كېيىن، ئۇ چۈ- شىگە كەچكەنلىرىنى ئوغۇز خاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ: «ھەي خاقانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بول- سۇن، ھەي خاقانىم، سېنىڭ ئەل - نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن؛ كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشا- رەت، ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى ئۇرۇغىڭغا بۆلۈپ بەر- سۇن دەپ.» ئوغۇز خاقان ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ ھەمدە «ئېيتقىنىڭ كەلسۇن» دەپتۇ.

ئەتىسىچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا، بالىلىرىنى ئال- دىغا چاقىرىپ: «ھەي (ئوغۇللىرىم) ئوۋنى كۆڭلۈم

① بۇ ئەپسانە مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوغۇزنامە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

تارتىپ تۇرىدۇ. ياشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئوۋغا چى-
قىشقا چامام يەتمەيدۇ. كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئۈچەڭلار
تاڭ ئاتار تەرەپكە بېرىڭلار. كۆك، تاغ، دېڭىز ئۈچەڭ-
لار تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە بېرىڭلار» دەپتۇ. بۇنىڭ
بىلەن ئۈچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە، قالغان ئۈچى
تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە كېتىپتۇ. كۈن، ئاي، يۇلتۇز
نۇرغۇن هايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلاپتۇ ھەمدە يولدىن
بىر ئالتۇن يانى تېپىۋاپتۇ. ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ
بېرىپتۇ. ئوغۇز خاقان شاتلىنىپتۇ ھەمدە ئالتۇن يانى
ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ: «ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە
مەنسۇپ بولسۇن، سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككىچە
ئېتىڭلار» دەپتۇ. شۇندىن كېيىن يەنە كۆك، تاغ ۋە
دېڭىز نۇرغۇن هايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىغاندىن كېيىن،
يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋاپتۇ ھەمدە ئۇنى ئا-
تىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئوغۇز خاقان شاتلىنىپتۇ
ھەمدە ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە: «ھەي ئى-
نىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن. يا ئوقنى
توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش (ياغا بوي سۇنۇڭلار)»
دەپتۇ.

## «تىلسىملىق قەلئە» ئەپسانىسى ①

بۇ تىلسىملىق قەلئەنى پەرھات ئىسىملىك دېۋە قۇرغان ئىمىش. پەرھات چىن شاھىنىڭ شېرىن نام- لىق قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەلچى قويۇپتۇ. بۇ پادىشانى ۋەھىمىگە ساپتۇ. قىزىنى دېۋىگە بېرىشنى خالىمىغان پادىشا ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قى- لىشتىن قورقۇپ، جادىگەر كەمپىردىن ياردەم سوراپتۇ. جادىگەر پەرھاتقا بىجىرىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىنى — بىپايان چۆل قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيۋەتلىك تاش قەلئە قۇرۇشنى شەرت قىلىپ قويۇشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ. دېۋە پەرھات پادىشانىڭ بۇ شەرتىنى قوبۇل كۆرۈپ، يىراق جەنۇپتىكى قاراڭغۇ تاغنىڭ يەلكىسىدە قورام تاشلارنى توشۇپ كېلىپ قەلئەنى قۇرۇشقا باش- لاپتۇ. قەلئە پۈتەي دەپ قالغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشا جادىگەر كەمپىرنى يەنە مەسلىھەتكە چا- قىرىپتۇ. جادىگەر بۇ قېتىم پادىشاغا ئۆزى بەلگىلىگەن كۈنى توققۇزمىڭ دانە يېڭى تۇغۇلغان بوتىلاقنى، يەنە شۇنچە تاي، بوزاۋ ۋە قوزىنى بىراق ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ ۋە قالغان ئىشنى ئۆزى توغرىلايدى- غانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جادىگەر كەم-

① بۇ ئەپسانە شىنجاڭ داشۆ نەشىر قىلغان «خەلق ئېغىز ئە- دەبىياتى تەزكىرىسى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

ھەر پەرھات يالغۇز قۇرۇپ بولغان تاش قەلئەگە كەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە چىن يۈرتى تەرەپتىن دەھشەتلىك يىغا - زارە ئاڭلىنىپتۇ. بۇ بالىلىرى سويۇلۇۋاتقان ئەنە شۇ مىڭلاپ - مىڭلاپ ئانا ماللارنىڭ ھۆكىرىگەن ئاۋازى ئىكەن. پەرھات بۇنى چۈشەنمەي: «بۇ نىمە يىغا - زارە؟» دەپ سوراپتۇ. شۇندا جادىگەر كەمپىر: «ھەي ... ھازىرلا مەلىكە شېرىن قازا تاپقان ئىدى، شۇنىڭغا پۈتۈن چىن ئەھلى ھازا تۇتماقتا» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. سۆيگەن ئاشىقىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەردىن گاڭگىراپ قالغان پەرھات ئۆزىنىڭ يىغلاشنى راۋا كۆرمەي، دەرغەزەپكە تولۇپ، تېخى ئورنىغا قويۇلمىغان قورام تاشلارنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ. بۇ يوغان قورام تاشلار پەرھاتنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چۈشۈپ، ئۇنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپتۇ ۋە ھايال بولماي تاشلار ئاستىدا جان بېرىپتۇ. پەرھاتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان شېرىن دەرھال پاجىئە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ ۋە سۆيگەن يارى پەرھاتنىڭ جەسەدى يېنىدا ئۆزىگە پىچاق سانچىپ ھالاك بوپتۇ.

## «شىرىن قىز» ئەپسانىسى ①

شىرىن دىگەن قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ھۆسۈن - جامالىنىڭ تەرىپى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغان ئىكەن. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئاي يۈزىنى چىرايلىق دەپ ساناپ، يەر يۈزىدە يۈرەر ئىكەن. ھەممە كىشى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق دەپ ئاينى ماختايدىكەن. شىرىن قىز بالاغەتكە يېتىپ گۈزەللىگى كۈندىن - كۈنگە ئاشقاندىن كېيىن، ئادەملەر ئاينى ماختاش ئورنىغا شىرىننى ماختاپ، ئۇنىڭ ھۆسۈن - جامالىنى تىللاردا داستان قىلىشىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭغا ئاينىڭ ھەسەتخورلۇغى كەپتۇ: «ئەجەبا، مەن تۇرغىنىمدا كىشىلەر شىرىننى ماختاشسا، ئۇنىڭغا قانداق چىدىغۇلۇق! شىرىن بىلەن مەن ھۆسنۈمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيچۇ. شۇندىن كېيىن مېنىڭ كىملىگىمنى بىلىپ قويۇشسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىرىن قىزنى قېشىغا چاقىرىپ كېلىپ: «سەن كىم؟ مەن كىم؟ ئەل ئاغزىدا ھۆسنۈڭ تەرىپى ئالەمنى بېسىپتۇ. كەل، ئىككىمىز يۈزىمىزنى ھۆسۈن تارازىسىغا سېلىپ تارتىپ كۆرەيلى، كىم چىرايلىق بولسا تارازىدا مەلۇم بولىدۇ» دەپتۇ. شىرىن قىز خىجالەت بولۇپ: ھۆسۈندە سىز ئەلۋەتتە زىيادە تۇرىسىز، قويۇڭ،

① يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

مېنى خىجىل قىلماڭ، مەن ھۆسۈن دەۋاسىنى قىلماي‍-
مەن» دەپتۇ. بۇنىڭغا ئاينىڭ جەھلى قوزغىلىپ: «سەن
ھۆسۈن دەۋاسىنى قىلمىغان بىلەن، گويا ئىنسانلار نەزى‍-
رىدە سەن مەندىن چىرايلىق ئېمىشسەن. تارازىدا بىر
سىناشمىساق زادى بولمايدۇ» دەپ، شېرىننى مەيلىگە
قويماي، ئۆزى ئالدىن تەييارلاپ قويغان تارازا ئال‍-
دىغا ئاپىرىپتۇ. بۇ دەۋاغا خالايىق يىغىلغان ئىكەن.
ئاي مەغرۇرلىنىپ: «مانا شېرىن، مانا مەن، كۆرۈڭ‍-
لار، ھۆسۈندە زادى كىم غالىپ ئىكەن، مانا بۇ ئادىل
تارازىدا بىلىنىدۇ» دەپ تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە
چىقىپ شاھانە ئولتۇرۇۋېپتۇ. شېرىن خىجالەتچىلىك ئىچىدە
نائىلاج ئوڭ ئايىغىنى «بىسمىللا» دەپ تارازىنىڭ يەنە
بىر پەللىسىگە قويا - قويماي، ئاي لەگلەكتەك لىكىلدەپ
كۆتىرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. خالايىق شېرىن‍-
قىزنى قايتىدىن تەبرىكلىشىپتۇ. نومۇس كۈچىدىن ئاي يەر
يۈزىگە قايتىپ چۈشەلمەي، ئاسمانغا مىخلىنىپ قالغان ئىكەن.

## ئالانغۇا ئەپسانىسى ①

موغۇلىستانغا ئوغۇزخان ئەۋلادىدىن يۇلتۇزخان
ناملىق بىرى خان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ،
ھەر ئىككىسى دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پەقەت

① بۇ ئەپسانە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

بىرىنىڭ بىر ئوغلى بىلەن يەنە بىرىنىڭ بىر قىزى ھايات قاپتۇ. بۇ ئىككىسىنى بىر بىرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلاردىن بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا يۇلتۇزخان ئۆلۈپتۇ. ئارقىدىن نەۋرە ئوغلىمۇ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ خوتۇنىلا قاپتۇ. ئەل - تەۋەلىرىگە بۇ خوتۇن باش بوپتۇ. بۇ خوتۇنىنىڭ ئىسمى ئالانقۇۋا ئىكەن. ئەرسىز قېلىپ ئەرگە تەگمەي يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىر كېچىسى ئاق ئۆيىنىڭ تۈڭلۈگىدىن قۇياشقا ئوخشاش بىر روشەن نۇر كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇ نۇر ياش يىگىت سۈرىتىدە بولۇپ، ئالانقۇۋاغا مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ. ئالانقۇۋاغا خوشلۇق يېتىپ ھامىلدار بوپتۇ. بۇ ھالنى دۆلەتنىڭ ئەربابلىرى، ۋەزىرلىرى بىلىپ قېلىپ، بۇ توغرىلىق نارازىلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئالانقۇۋا بۇ نارازىلىقلارنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ساپ ۋە پاك ئىكەنلىكىنى، پاھىشىدىن خالى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، كېچىسى يۈز بەرگەن «نۇرلۇق سۈرەت» ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقتى - سائىتى توشۇپ، ئالانقۇۋا يۇرتتىن يىراق بىر جايدا بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەپ ئات قويۇپتۇ. نۇردىن تۆرەلگەن بۇ ئوغۇلغا ئاللادىن ۋەھى كېلىپ مۇسۇلمان بوپتۇ.

## «پەرھات ئۆستىڭى» 4-سانىسى ①

چىن شاھزادىسى پەرھات ئۆزىگە يىراق بولمىغان بىر خوشنا ئەلنىڭ گۈزەل مەلىكىسى شىرىنغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بۇ مەلىكىمۇ پەرھاتنى بىر كۆرۈپ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەتنىڭ شېرىن كۈنلىرى باش-لىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە، شىرىننىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان ئىران شاھى خىسراۋ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۆڭلىدە پەقەت پەرھاتلا بولغان شىرىن نىمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۇ كۆپ ئويلاپ شۇنداق قارارغا كەپتۇ: «خىسراۋ ئالەمگە ئايان بولغان زالىم شاھ. ئەگەر ئۇنىڭ تەلىۋىنى دەرھال رەت قىلسام لەش-كەر تارتىپ كېلىپ زورلۇق بىلەن ئەل - يۇرتنى ۋەيران قىلىدۇ، پۇقرالىرىمغا ئازاپ سالىدۇ، پەرھات بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇش قارارىم ھەم بەربات بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئورۇنلىيالمايدىغان بىر شەرت قوياي» دەپ، ئەلچىلەرگە شۇنداق ئېيتىپتۇ: «مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ غەر-بىدىكى تاغلىقتىن باشلاپ شەرقىدىكى چوڭ قۇملۇقنى

---

① بۇ ئەپسانىنى 1978 - يىلى يەركەن ناھىيەسىدىكى يەتتەش دەچچە ياشلىق ھاشىم ئاخۇن ئاكا ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، شۇ ئاساسدا رەتلەندى.

بىسىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭ قازسۇن. ئۇنىڭ سۈيى زەر (ئالتۇن) بولسۇن، ھەر قانداق چۆڭ كانىلمۇ ئېقىتىپ كېتەلەيدىغان بولسۇن. ئەنە شۇ ئۆستەڭنى كىم بۇرۇن قېزىپ چىقسا مەن شۇنىڭغا تېگىمەن.» شېرىننىڭ بۇ تەلىۋىنى ئاڭلىغان پەرھات خۇشاللىق بىلەن بىستۇن تاغلىرىنى يېرىپ، ئۆستەڭ قېزىشقا ئاتلىنىپتۇ. خىسراۋ شاھ بولسا دەرغەزەپ بولۇپ لەشكەر تەييارلاپ، قورال كۈچى بىلەن شېرىننىڭ يۇرتىغا بېسىپ بارماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ بىر ئاقىلانە ۋەزىرى: «ئۇنداق نامەرتلىك قىلسىڭىز نامىڭىزغا ئۇيات بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي باشقىچە ئامال تاپايلى» دەپ، خىسراۋغا تەسەللى - خاتىمە بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. تاغ يۈرەك پەرھات قورام تاشلارنى يونۇپ، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ھەيۋەتلىك بىر ئۆستەڭ قېزىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خىسراۋ ساراسىمىگە چۈشۈپ، جادىگەر كەمپىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. كەمپىر: «بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇيمىز، خاتىرجەم بولسىلا، مەلىكە شېرىن پەقەت سىلىگىلا تەئەللۇق» دەپ بىر ھىيلە ئويلاپ، دەرھال پەرھاتنىڭ يېنىغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ شېرىننى كۈتۈپ تۇرغان پەرھاتنىڭ قېشىغا كېلىپ راسا كۆز يېشى قىپتۇ. پەرھات ھەيران بولۇپ كەمپىردىن سوراپتۇ: «ئى ئانا، نى-

مەشقا نالە قىلىپ يىغلايسىز؟» شۇندا جادىگەر كەمپىر
«پۇرسەت كەلدى» دەپ بىلىپ، پەرھاتنىڭ باش - كۆز-
لىرىنى سۆيۈپ شۇنداق دەپتۇ: «بۇ جاھاننىڭ مەلە-
كىلىرى بەكمۇ ۋاپاسىز ئىكەن. مەلىكە شىرىن سەندەك
دانا باتۇر يىگىتتىن خىسراۋ شاھنى ئارتۇق بىلىپ،
ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ قىينىغا ئۆزىنى ئاتتى. سەن ئۇممىت
باغلاپ يۈرگەن ئۇ مەلىكە سېنى ئەسلىمۇ قويماي،
ھازىر شاھ ئوردىسىدا بەھوزۇر ئويناۋاتىدۇ. شۇ سە-
ۋەپتىن ساڭا ئىچىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى» دەپتۇ.
بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرھات شىردەك ھۆكۈرەپ
بېشىنى بىستۇن تېغىغا بىر ئۇرغان ئىكەن، تاغ پارچە-
پارچە بولۇپ يېرىلىپ، ئۇ قازغان ئۆستەڭدە سۇ مەۋج
ئۇرۇپ ئېقىپتۇ. پەرھاتنىڭ بېشى نەچچە پارە بولۇپ
كېتىپتۇ. شۇ سائەتتە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پەر-
ھاتنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بۇ يەرگە يېتىپ
كەلگەن شىرىن مەلىكە بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ، دەرھال
ھۇشىدىن كېتىپتۇ. «پەرھاتسىز ماڭا مۇنداق ھاياتنىڭ
نېمە كېرىكى!» دەپ يېنىدىن ئالماس خەنجىرىنى
ئېلىپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سانچىپتۇ، شۇ ھامان پەرھات-
نىڭ جەسىدى ئۈستىگە يىقىلىپ جان بېرىپتۇ. شۇندىن
باشلاپ بۇ ئۆستەڭنىڭ نامى «پەرھات ئۆستىڭى» دەپ
ئاتىلىپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «پەرھات ئۆستىڭى» نىڭ
نامى «زەرەپشان» غا ئۆزگەرگەن ئىكەن.

## «توققۇز ئوغۇز»، «ئون ئۇيغۇر» ئەپسانىسى ①

قەدىمقى ھون ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرىنىڭ بەك چىرايلىق ئىككى قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، پەقەت تەڭرىلەر بىلەن جۈپ بولۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك ئىكەن. قىزلارنىڭ دادىسى بولغان ھون ھۆكۈمدارى مۇنداق قىپتۇ. قىزلىرىنى ئىنسانلاردىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن مەملىكىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ناھايىتى ئېگىز بىر راۋاق ياسىتىپتۇ - دە، قىزلىرىنى بۇ راۋاققا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ھۆكۈمدارنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ چاقىرغان تەڭرى ئاخىرىدا بىر كۆك بۆرىنىڭ شەكلىگە كىرىپتۇ، كۆك بۆرە بۇ قىزلار بىلەن ئۆيلىنىپتۇ. بۇلاردىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر تۇغۇلۇپتۇ. توققۇز ئوغۇز بىلەن ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى كۆپىيىپتۇ.

## ئەفرات ۋە توققۇز قىز ئەپسانىسى②

چىن دىيارىدا سەلتەنەتلىرى كاتتا، ئالەمدە تەڭدىشى يوق دانىشمەن، ئۇرۇش ئىشلىرىغا ئاجايىپ كامىل بىر خاقان ئۆتكەن بولۇپ، ئۆزىنى كۈن تۇغاردىن كۈن

① بۇ ئەپسانە «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى ئىستانبۇل 1977 - يىل نەشرى.

② بۇ ئەپسانىنى قەشقەر قورغان قازىرىقتىكى ئاتىمىش ياشلىق پېشقەدەم مائارىپچى ئوسمان قاسىم ئېيتىپ بەرگەن.

پاتارغىچە بولغان كەڭ ئېقلىمنىڭ خاقانى دەپ ئاتايـ
ـدىكەن. ئۇرۇشتا چىقسا دۈشمەن ئالدىدا شىردەك ھۆ-
كىرەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئۇرۇش ئېتى بولۇپ،
بۇ ئاتلار ئۈچ يۈز ئاتمىش يىللىق يولنى بىر
كۈندە باسىدىكەن. خاقان چۈشكىچە قارا ئاتقا، چۈشـ
تىن كېيىن ئاق ئاتقا مىنىدىكەن. ئېلىنى قوغداش،
خەلقىنى مەڭگۈ بەختلىك، باياشات قىلىش ئۈچۈن كېـ
چە-كۈندۈزنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىكەن. دوستلىرىغا رەھىمدىل،
دۈشمەنلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ، قىرىق كېچە - كۈنـ
دۈزلۈك يىراقلىقتىكى دۈشمەنلىرىدىن يامان شەپىلەرنى
ئاڭلاپ ئالسا دەرھال ئاتلىنىپ، ئەدەپلەپ قايتىدىكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق خوشال - خورام باياشات ياشايـ
دىكەن، دۆلىتى كۈچلۈك، يەتتە ئېقلىمدا نامى چىقىپ
كېتىپتىكەن. تەڭرى كۆك ئاسمان بىلەن قارا يەرنىڭ ئارىـ
لىقىدا سۇ بىلەن تۇپراقنى قوشۇپ خېمىرغا ئوخشاش
يۇغۇرۇپ، كۈنگە قاخلاپ قۇرۇتۇپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن،
ئۇ ئايدەك گۈزەل ئىكەن. باتۇر چىن خاقانى چۈش
كۆرۈپتۇ، چۈشىدە رۇم ئېلىنىڭ خاقانىغا ۋەزىرى شۇنـ
داق دېگەنمىش: «بىزدىن ئۈچيۈز ئاتمىش كېچە - كۈنـ
دۈز يىراقلىقتا چىڭ بىر ئەل بولۇپ، خەلقى كۆپ،
بايلىقى مول، خاقانى باتۇر ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە
توققۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئات مىنىپ،
ئوقيا ئېتىپ، قىلىچ ئوينىتىپ يۈرىدىكەن. يېقىن كەلـ

گۈسىدە ھەر تەرەپكە لەشكەر تارتىپ چىققۇدەك. شۇڭا
ئۇلار ئۆيىقۇدىكى ۋاقىتىدا دەرھال قوشۇن تارتىپ، خا-
قاننىڭ كالللىسىنى ئېلىپ، خەلقىنى ئەل قىلىپ، كۈ-
چىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى.»
چىن خاقانى ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ. كۆپ
ئۇخلاپ كەتكەنلىكىگە ئۆكۈنۈپتۇ. لېكىن، «ئۇخلىمىغان بول-
سام دۈشمەنلەرنىڭ مەسلىھىتىدىن خەۋەرسىز قالغان بو-
لاتتىم» دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ياي شەك-
لىدىكى زۇلپىقارىنى يېنىغا ئېسىپ، ساۋۇت-قالقان-
لىرىنى كىيىپ، ئاق ئېتىغا مىنىپتۇ، قارا ئېتىنى يې-
تىلەپتۇ. دەرھال توققۇز ئوغلىنى ئويغىتىپ، قوشۇنلىرىنى
سەپراس قىپتۇ. يەتتە مىڭ ئاق ئاتلىق قوشۇننى ئال-
دىغا ساپتۇ. چۈنكى قاراڭغۇدا ئاق ئاتقا ئەگىشىپ ماڭ-
سا يولدىن ئېزىپ قالماسمىش. چىلانتۇرۇق ئاتلىق
قوشۇندىن يەتتە مىڭنى ئاق ئاتلىق قوشۇننىڭ ئارقى-
سىغا، يەتتە مىڭ قوڭۇر ئاتلىق قوشۇننى ئۇنىڭ ئار-
قىسىغا، ئەڭ ئاخىرىدا يەتتە مىڭ قارا ئاتلىق قوشۇننى
ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. چىن خاقانى ئاسماندىكى ئايغا قاراپ
شۇ ئنداق دەپتۇ: «سەن يولتۇز بىلەن قوشۇلۇپ بىز-
گە مەدەت قىلغىن.» نۇرغۇن-نۇرغۇن يۇرمانلارغا قاراپ:
«سەن بىزنى شامالدىن ساقلىغايسەن.» تاققا قاراپ: «ئەي
قۇتلۇق تاغ! سېنى بىزتەگرى دەپ بىلىمىز، سەن بىزگە ھايات

ئانا قىلغايسەن، دائىملىق مەدەتكار بولغايسەن» دەپ
دۇئا ئەيلەپتۇ. ئاخىرى توققۇز قىزىنى چاقىرىپتۇ. باش-
تا ئەڭ كەنجى قىزى ئايخاننى چاقىرىپ: «بىز بارلىق
ئەركەكلەر سەپەرگە ئاتلاندۇق، يول يىراق، پات ئا-
رىدا قايتىپ كېلەلمەيمىز. سەن بارلىق قىزلارغا باش-
چىلىق قىلىپ، ئەلنى ئوبدان ساقلىغىن. خەلقنى خار-
لىما، بايلىقنى بۇزۇپ-چاچما» دەپ تاپىلاپتۇ. ئەڭ
چوڭ قىزى قانىقىزنى چاقىرىپ: «سەن قاندەك قىزىل
بولغانلىغىڭ ئۈچۈن ئىسمىڭنى قانىقىز قويدۇم. سەن
بۇ ئەلگە خان بولۇپ تۇرغىن. ئۇرۇش ئىشلىرىدا سىڭ-
لىڭدەك ئىقتىدارىڭ يوق. شۇڭا ئۇرۇشقا سىڭلىڭ قوما-
دانلىق قىلسۇن، سەن ئوردىدا ئولتۇرۇپ دۆلەتنى ئى-
دارە قىلىش بىلەن بولغىن» دەپتۇ. يەتتىنچى قىزى
قازنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىرلىكنى تاپشۇرۇپتۇ. قال-
غان تۆت قىزىغا تۆت تەرەپنى ساقلاشقا، ئىككى قىزىنى
ئوردىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ
خان قەشقەر ئەقلىمىدىن ئۈچيۈز ئاتمىش كۈنلۈك سەپەر-
گە راۋان بوپتۇ. يەتتە كېچە-كۈندۈزدە باغدات شەھى-
رىگە يېتىپ كەپتۇ. باغداتنىڭ بىر خاقانى بولۇپ، كۈچ
جەھەتتە تەڭدىشى يوق، ئالەمگە داڭقى كەتكەن ئىكەن.
ئۇمۇ چۈش كۆرۈپ، چۈشىگە چىن خاقانىنىڭ توققۇز
تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىغى ئايان بوپتۇ. شۇ-

نىڭ بىلەن ئۇ ئالدىن ھازىرلىق قىلىپ قويغان ئى-
كەن. چىن خاقانىنىڭ خەۋەرچىلىرى خانغا ئۇلارنىڭ
ئالدىنى باغدات ئېلىنىڭ خاقانى قاسىرانىنىڭ تۇسۇپ
تۇرغانلىغىنى خەۋەر قىپتۇ. چىن خاقانى دەرغەزەپكە
كېلىپ: «بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىمىغان
ئىدۇق. ئەپسۇسكى ئىچىدىن زەھەر قاينايدىغان بۇ ئەب-
لەخ بىزنى توسماقچى بولغان بولسا، ئۇنىڭمۇ بىر جا-
جىسىنى بېرىپ قويايلى» دەپتۇ. ئىككىلا تەرەپ قوشۇن-
لىرى نەرە تارتىپ ئۇرۇشقا چۈشۈپتۇ. يەتتە كېچە - كۈن-
دۈز داۋاملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن قاسىران قوشۇنلىرى
قېچىپتۇ. چىن قوشۇنلىرى قوغلاپتۇ. ئۇرۇش شۇنداق
دەھشەتلىك بوپتىكى، توپا - چاڭنىڭ دەستىدىن كۈن كۆ-
رۈنمەي ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ، قان دەريا بولۇپ ئې-
قىپ كىشىلەر كېمە بىلەن ئۆتۈپتۇ، ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلە-
نىپ، شوتا بىلەن ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپتۇ. چىن قوشۇنلىرى
غەزەپ بىلەن دۈشمەنلەرنى قوغلاپ ئىككى تاغنىڭ ئارى-
سىغا كەپتۇ، قارىسا قاسىران قوشۇنلىرى كۆرۈنمىگۈدەك. شۇ
ئاندا چىن خاقانى ئەفرات لەشكەرلىرىگە قايتىشنى بۇيرۇ-
غان ئىكەن، بىردەمدە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا توپان سۈيى
تولۇپ كېتىپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەر تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ
كېتىپتۇ. ئەفرات دوملاپ چۈشكەن يوغان قىيا تاشنىڭ
ئاستىدا قېلىپ قازا تېپىپتۇ. سۇدىن ئامان قالغانلىرى

قېچىپتۇ، تاغنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇنۇۋالغان قاسىران لەشـ
كەرلىرى ئوقيا، تاش بىلەن يەنە بىر قىسىملىرىنى يوـ
قىتىپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر چىن ئىقلىمىغا يېتىپ كەلگەنـ
دە ئەمىرانىنىڭ توققۇز قىزى قاتتىق قايغۇغا چۈشۈپتۇ.
ئوتتۇرانچى قىزى ئەلقان قوشۇن باشلاپ دادىسى ۋە
ئاكىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ كېلەيلى، دەپ مەسلىھەت
بېرىپتۇ. يەنە بىر قىزى مەخپىي بېرىپ قاسىرانىنىڭ ئورـ
دىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن، دەپ ۋەدە قىپتۇ. شۇنـ
داق قىلىپ كەنجى قىزى ئايخان ئاچىلىرىغا: «بىزنىڭ
ھازىرقى ئىشىمىز ئەل - يۇرتنى قوغداش، دادىمىز ئالـ
دىراڭغۇلۇق قىلىپ كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ھالاك بولـ
دى. بىز بۇ ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە تۇتۇپ، ئۆز ئورنىـ
مىزدا يۇرتىمىزنى قوغدايلى» دەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي
ياقا بىر ئەلنىڭ خاقانى بۇ قىزلارغا يامان كۆزى
بىلەن قاراپ، ئۇلار ئۈستىگە قوشۇن تارتىشقا تەييارلىـ
نىپتۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە توققۇز قىزنىڭ قۇـ
لىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار كۆپ مەسلىھەتلەر قىلغاندىن كېيىن؛
بۇ ياۋۇز خاقانىنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ، بىزنىڭ ئەر ئەسـ
كەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى. ئۇلار بىلەن
يەكمۇ - يەك جەڭ قىلساق، ئېھتىمال يېڭىلىپ قالىمىز.
شۇڭا، ھىيلە بىلەن بۇ ئەبلەخلەرنى يوقىتايلى، دەپ
پىلان تۈزۈشۈپتۇ. ئۇلار بىر جادىگەر كەمپىردىن مەسلىـ

ھەت سورىغان ئىكەن، ئۇ: «سېپىل ياساساڭلار دۈشمەن بەربەر بۇزۇپ تاشلايدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، دەپنە - دۇنيانى كۆمۈپ قويساڭلار ئەۋلاتلىرىڭلار تاپالماي پايدىلىنالمايدۇ، كۆلنىڭ ئاستىدا ساقلىساڭلار چىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا چىرىك قۇمۇلۇققا يوشۇرۇپ قويساڭلار ئوبدان ساقلىنىدۇ» دەپتۇ. قىزلار يىراق - يىراق جايلاردىن قۇم ئىزدەپتۇ. ئۇلار قۇم ئېلىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن قۇم يۆتكەپ كېلىشكە باشلاپتۇ. پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئات - تۆگىلەرگە ئارتىپ قۇم يۆتكەپتۇ. ئۆزلىرى قېرىپ دوك بولۇپ كەتكۈچە قۇم يۈدۈپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى بەرگەن جادىگەر كەمپىر ئەسلىدە شۇ قۇم ئېلىنىڭ پادىشاسى بولۇپ، قىزلارنىڭ بۇ روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. ئۇ شۇنداق ئەمر قىلغان ئىكەن، قۇم ئېلىدىن لەكمىڭ - لەكمىڭ قۇم بارخانلىرى ئۆزلۈكىدىن يۆتكىلىپ، چىن دىيارىدىكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ ئۈستىنى خۇددى قالپاق كىيگەندەك ئوراپتۇ. ئايخان ياشىنىپ قالغان ئاچىلىرى بىلەن بارلىق قېرى - چۆرىلەر ۋە كىچىك بالىلارنى قۇم ئاستىدا ياشاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى توققۇزمىڭ قىز ئەسكىرىنى ئېلىپ دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساشقا ئاتلىنىپتۇ. ئىككى تەرەپ يەتمىش ئىككى كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. ياقا ئەلنىڭ خاقانى ئەسلىدە دۆپىرىلەر ئېلىدىن بولۇپ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋال

قان ئىكەن. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ئالتە ئاپ-لىق يىراقلىقتىكى جىمىكى مەخلۇقاتلارنى، ئادەم ۋە گىيا - تۈپراقلارنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيدىكەن. بوران چىقىرىپ تاغلارنى تۈزلىۋېتەلەيدىكەن، توپان سۈيى ھاسىل قىلىپ ھەممىنى غەرق قىلىۋېتەلەيدىكەن. ئايخان ۋە ئۇنىڭ ئەس-كەرلىرى كۆن ھارارىتىدە پىشىپ، سۇ بىلەن تويمىدا خېمىردەك يۇغۇرۇلۇپ ئۇيۇشقان بولغاچقا، توت تاغ ۋە ئورمانلار مەدەت بەرگەچكە ئوتتا كۆيمەيدىكەن، سۇدا ئاقمايدىكەن، شامالدا ئۇچمايدىكەن. ئۇلار يات ئەلنىڭ خانىنى بىلەن شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ قىلىپتۇكى، ئايخان ھەر بىر قىلىچ ئۇرسا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يەتتە قات ئاسمان زىلزىلىگە كېلىپ، يەتتە قات يەر تەۋ-رەپ كېتىدىكەن. يات ئەلنىڭ خاقانى مۇرغات ئۆز ئۆمـ-رىدە قىرىق بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، قىرىق بىر پال-ۋاننى يەڭگەن بولسىمۇ، بۇنداق باھادىرغا يولۇقمىغان ئىكەن. ئايخاننى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمىغان ئۆزگەن مۇرغات بىر ھىلە ئويلاپ چىقىپتۇ. ۋەزىرلىرىگە: «چىن ئىقلى-مىنى ئوتتا كۆيدۈرەيلى دېسەك، قىرىق يىللىق يولغا يېتىپ بارالماي، ئوت ئۆچۈپ قالىدۇ، شامالدا ئۇچۇ-رۇپ تۈگىتەيلى دېسەك، ئىگىز تاغلار توسۇۋالىدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ دېڭىزنىڭ سۈيىنى قويۇۋېتەيلى، سۇدا غەرق بو-لۇپ ئۆلىدۇ» دەپ، دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىن ئىقلىمىغا

ۋارتىپ ئېچىۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايخان قۇم ئۇستىگە سۇ كىرىپ كەتسە ئاچىلىرىمىز، ئۇرۇق-ئەۋلادىمىز تۈگىشىدۇ، سۇنى ئوردا ئەتراپىدا توسۇپ قالايلى، دەپ نىيەت قىلىشىپتۇ. ئۇلار يەتمىش ئىككى كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلىشىپ، ئاخىرى بۇ سۇنى توسۇپ قاپتۇ. بىراق ئوردا سۇ ئاستىدا قاپتۇ. كەڭ قۇم ئاستىدا قالغان ئاچىلىرى قېشىغا كىرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن لەشكەر پۇقرالىرىنى يىغىپ، كەڭ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا ماكان تۇتۇپ جان بېقىشنى، ئاچىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ پىراقىدا زار-زار يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇندىن كېيىن قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن شەھەرلەر قۇرۇلۇپ، ھايات قالغان كىشىلەر جان بېقىپ كەلگەنمىش. يىراق-يىراق قۇم بارخانلىرىدىن دائىم مۇڭلۇق ناخشىلار، ھەسرەت-نادامەتلەر ئاڭلىنىپ تۇرارمىش. كىشىلەر قۇم ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئىس-تۈتەكلەرنى كۆرەرمىش. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنى ئەسلىگەندە، بۇ كەڭ قۇملۇققا بېرىپ كۆمۈلۈپ، ئۆزلىرىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك ھېس قىلارمىش. كىشىلەر ئايخاننىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھايات بولۇپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىكەن. ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن چىن ئىقلىمىدا قايتىدىن ھاياتلىق باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى خاتىرجەم ياشاۋېتىپتۇ.

# تۇرپاندىكى «يەتتە ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى» ئەپسانىسى ①

بىر زامانلاردا دەقيانۇس پادىشاسىدىن قېچىپ كەلگەن يەتتە ئەۋلىيا تۇرپاندىكى بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇپ، ئۇ جايدا ئۈچ يۈز يىل ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزلىرى دۆلەت قۇرۇپتۇ. بۇ دۆلەتنىڭ نامى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىپ، ئالتە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. بۇ يەتتە ئەۋلىيا ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئۇزاق ھەم بەختلىك ئۆمۈر ئاتا قىلىپتۇ. ھەر قانداق غەم-قايغۇ ۋە نامراتچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ، پۇقرالارنىڭ مال-مۈلكىنى ئوت، سۇ، ئوغرىغا ئوخشاش ھەر خىل بالايىئاپەتلەردىن ساقلاپ قاپتۇ. شۇ سەۋەپتىن «يەتتە ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى» گە جىمىكى كىشى سېغىنىپ، تاۋاپ قىلىدىغان بوپتۇ. ئىككى قات ئاياللار يەتتە ئەۋلىيانىڭ نامى يېزىلغان قەغەزنى سول بىقىنىغا ئېسىۋالسا تۇغۇتى يېنىك ۋە ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن. تۇغماس ئاياللار بۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ، قولىغا نېمە چىقسا «بىسمىللا» دەپ يېسە، شىپا بولۇپ تۇغىدىكەن. كىشىلەر بۇ ئۆڭكۈرنى بىلىم ۋە بەختنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئۇلۇغلايدىكەن.

---

① بۇ ئەپسانە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى. ئالمۇتا 1983 - يىل نەشرى.

## شەھىرى كەتەك ئەپسانىسى ①

قاچاندۇر بىر مەزگىلدە كەتەك ② شەھىرىدە جالالىددىن دىگەن كىشى ياشىغان ئىكەن. ئۇ بۇخاراغا بىرىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كىيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ-دە، ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ مەزگىلدە كەتەك ئاھالىسى بۇتپەرەس بولغاچقا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زادى كۆنمەپتۇ. بۇنىڭدىن دىلى رەنجىگەن جالالىددىن موللا بىر كۈنى يۇرتداشلىرىنى راسا قاغاپتۇ. ئۇ تىلى ئۆتكۈر «ئەۋلىيا» كىشى بولغاچقا، شۇ زامان ئۇنىڭغا خۇدادىن: «ئى، كەتەكلىك موللا، دۇئايىڭنى ئىجاۋەت قىلدىم. سەن بۈگۈن كىچە شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارنىڭ قىشىغا بىرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاڭ ئاتقىچە چۆگىلەگىن. ئەتە مىنىڭ كارامىتىمنى كۆرىسەن» دىگەن ۋەھى كەپتۇ.

جالالىددىن كەتەكى شۇ كىچىسى مۇنارنى چۆگىلەپ چىققانىمىش، ئەتىگەنلىكى ئۇ ئۆزى كىچىچە ئايلىنىپ چىققان مۇناردىن باشقا پۈتكۈل شەھەرنىڭ قۇم ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شەھەرنىڭ خەلقى ھالاك بولۇپ، پەقەت ئۆزىلا ئامان قالغانىمىش. شۇنىڭدىن كىيىن جالالىددىن موللا ئاقسۇغا بىرىپ، ئۇيەردىكى ئاھالىگە ئىسلام دىنىنى ئاسانلا قوبۇل قىلغۇزغانىمىش.

---

① بۇ ئەپسانە يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

② كەتەك — كېتەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى مارالۋېشىغا تەۋە-
را كېلىدۇ.

## ئەسھابۇلكەف (قاف) ① — (غار كىشىلىرى) ②

دەقىيانۇس زالىملىق بىلەن نام چىقارغان، دىنغا كىرمىگەنلەرنى شەپقەتسىز جازالىغان ئىكەن. ئۇنىڭ غەزى-ۋىدىن قورققان سەككىز كىشى ھەمدە بىر ئىت غارغا يوشۇرۇنۇۋالغان ۋە بۇ غار ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن. ئۇلار شۇ ئۇخلىغانچە ئۈچ يۈز يىلدا ئويغىنىپتۇ. كۈنلەر-نىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ بىرى يانچۇقلىرىدا قالغان تەڭ-گىلەرنى يىغىپ، ئوزۇق - تۈلۈك سېتىۋالماقچى بولۇپ بازارغا بېرىپتۇ ۋە بىر ناۋايدىن نان ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن ناۋاي ئۇنىڭ تەڭگىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇلار بىر-بىرىنىڭ گەپلىرىنى ئۇقۇشماپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن تەسادىپتە بىر تىلماچ چاقىرىپ كەپتۇ. تىل-ماچ ناۋاينىڭ سۆزىنى ئۆرۈپ:

— بۇ دەقىيانۇستىن قالغان پۇل ئىكەن، ئەمدى ئۆت-مەيدۇ، — دەپتۇ.

---

① ئەسھابۇلكەف — تۆرپاندىكى بىر مازارنىڭ نامى.
بۇ ئەپسانە خەلق ئارىسىدىكى «دەقىيانۇستىن قالغان» دېگەن ئەنە-ئەنۋى تەمسىلنىڭ ئېتىمولوگىك كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈ-چۈن يارىتىلغان. ئەسلىدە مەزكۇر نام قەدىمقى رىم ئىمپېراتورى دىئاكلېتىئون بىلەن باغلىنىدۇ. دىئاكلېتىئون بېسىۋالغان جايلاردا خىرىستىيان دىنى-دىكى كىشىلەرنى قىرغىن ئاستىغا ئالغان. ئەنە شۇ جاھىلىق ھاياتىي تۇغۇ-دۇش مەزكۇر ئەپسانىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەپ بولغان.

② بۇ ئەپسانە يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

# ئوغۇزخان ئەپسانىسى ①

(1)

ئوغۇزخان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشۈپتۇ. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىكەن. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنها ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ساھىپجامال بىر قىز ئىكەن. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چېغىدەك پارقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى تۆمۈر قوزۇققا ئوخشايدىكەن. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىكەن، ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىكەن. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ. ئۇنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىپتۇ. تىلىگىنىگە يېتىپتۇ، ئۇ قىز ئىككى قات بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كۆزى يورۇپتۇ، ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تۇنجىسىغا كۈن دەپ، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويۇپتۇ.

---

① بۇ ئەپسانە مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوغۇزنامە» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

# ئوغۇزخان ئەپسانىسى ①

(2)

ئوغۇزخان ئوۋغا چىقىپتۇ. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ دەرەخنى كۆرۈپتۇ. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ ئىنتايىن ساھىپجامال ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆك، چېچى سۇ ئېقىنىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىكەن. ئۇ شۇنداق ساھىپجامال قىز ئىكەنكى، يەر-جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «ئاھ، ئاھ، جانىنى ئالىدىكەن» دەيدىكەن. سۈت-قېمىزغا ئايلىنىپتۇ. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە ھوشىدىن كېتىپتۇ. يۈرىكىگە ئوت چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. ئۇنى ئېلىپ، بىللە يېتىپتۇ. تىلىگىگە يېتىپتۇ. ئۇ قىز ئىككى قات بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، يەڭگىپتۇ. ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تۇنجىسىغا كۆك، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويۇپتۇ.

① يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

## ئۇيغۇر چالغۇ - مۇزىكىلىرى ھەققىدىكى
## ئەپسانە ①

«تارىخىي رەۋزە تۇسسافا» ۋە «تارىخىي رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، ياپەس ىبىننى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرك ناملىق بىر ئوغلى بار ئىكەن، بۇنىڭغا خۇدايتائالا بىر ئوغۇل كارامەت قىپتۇ. ئىسمىنى خەرىز قويۇپتۇ. بۇ ئوغۇل چىرىك بولغاندا، تۈلكە تۇتۇپ پوستىدا ئىگىن كىيمەكنى، تائامنى تۇز بىلەن يېيىشنى، تەمبۇر، بەر- بەت، ئۇدلارنى ياساپ چالماقنى كەشىپ قىلىپ، ئالەم خەلقىگە ئۈگىتىپتۇ. ئۇ زاماندا ئاتا - ئانىسى، بالىلىرى ئۆلگەندە مۇسىبەت ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆ- لۈكنى كۆيدۈرۈش رەسمى بار ئىكەن. خەرىز ياپەس ئە- لەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. يەركەند، خوتەن دىيار- لىرىنى ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئاۋات قىلغان ئىكەن، يەر- كەند، خوتەن ئەھلى ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەن. ئۇ زاماندىن بۇ زامانىغىچە بەش مىڭ سەككىز يۈز ئەللىك يىل ئۆتۈپتۇ. تەمبۇرغا قوي، ئۆچكىنىڭ ئۈچەي، پەي- لىرىنى ئېشىپ زەي قىلىپ، تارسالغان ئىكەن.

① بۇ ئەپسانە موللا ئىسمەتۇللا موجىزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» نا- ملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

## 3. قەبىلە، ئۇرۇق ۋە يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

### ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانە①

قوچو ئىدىقۇتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتىن مەلۇم بوپتۇكى، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خىلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى توخۇسى دەرياسى، يەنە بىرى شولىڭگې دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخقە شولا چۈشۈپتۇ، ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ، بۇ دەرەخ خۇددى قوساق كۆتەرگەن ئادەمگە ئوخشاش قوساق سېلىپ قاپتۇ. بۇ شولا دەرەخقە ئۇدا توققۇز ئاي ئون كۈن چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى دەرەخنىڭ قوسىقى يېرىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەردەن بۇگۇ خاقان ئىكەن. ئۇ قەددى - قامەتلىك ئىكەن، بۇ خەلقنى ئاينىتىپتۇ ۋە يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساقال بوپتۇ.

① بۇ ئەپسانە «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 64 - يىل 2 - سانىدا بېسىلغان خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى

## «تۈرك» سۆزى ھەققىدىكى ئەپسانە①

جەرجەرالىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى مۇفىد ئاخىر زادان توغرىسىدا يازغان بىر كىتاۋىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى (پەيغەمبەر سۆزىنى) رىۋايەت قىلغان ئىكەن: ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم. ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن.»

«قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ؛
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.»

## چىگىللار ھەققىدىكى ئەپسانە②

زۇلقەرنەيىن ئارغۇ③ ئېلىگە كەلگەندە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يوللار ماڭغۇسىز دەرىجىدە پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن پارس تىلىدا: «اين چىگىل راست— نىمىدىگەن يامان پاتقاق» دەپ

① بۇ ئەپسانە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

② يۇقۇرقى كىتاپ 511 - بەت

③ ئارغۇ ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى بىر ئۇرۇقنىڭ نامى

كا يەپتۇ ۋە كېيىن ئۇ يەرگە بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. بۇ قورغان «چىگىل» ① دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورغاندا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىمۇ «چىگىلى» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ نام كېيىنچە ئەتراپلارغا يېيىلغان ئىكەن.

## «قالاچ» ئەپسانىسى ②

ئوغۇزخان يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپتۇ، ئۇ يولدا ئىگىز بىر ئۆينى كۆرۈپتۇ. بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىكەن. ئىشىكى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىكەن. لەشكەر ئىچىدە بىر چېۋەر ئۇستا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى تۆمۈر دۇقاغۇل ئىكەن. ئوغۇز ئۇنىڭغا: «سەن بۇ يەردە قال، ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپ بار» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا «قالاچ» دەپ ئات قويۇپتۇ.

## قىپچاق ئەپسانىسى③

ئوغۇزخان ئەرەبىستان تەرەپكە قوشۇن تارتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ باتۇرلىرىدىن بىرى جەڭدە ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا ھامىلدار ئىكەن. ۋاقتى - سائىتى

---

① چىگىل — «توققۇز ئۇيغۇر» ياكى (ئون ئۇيغۇر) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى قەدىمقى بىر ئۇرۇقنىڭ نامى.

② بۇ ئەپسانە مەملىكەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان (ئوغۇزنامە) دىكەن كىتابتىن ئېلىندى.

③ يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

تۈشۈپ، بۇ شىنىشقا بىر خالى جاي تاپالماي، بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇزخان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ خوتۇننى بالىسى بىلەن ئوردىسىغا ئالدۇرۇپ پەرۋىش قىپتۇ. دەرەخنىڭ ئىچىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بالىغا «قىپچى» دەپ ئات قويۇپتۇ. چۈنكى دەرەختىن يېڭى چىققان شاخنى «قىپچى» دەپ ئاتايدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قىپچى» سۆزى «قىپچاق» قا ئۆزگىرىپتۇ. بۇ بالا چوڭ بولغاندا لەشكەر قوماندانى قىلىنىپ، خەزىر تەرەپكە ئۇرۇشقا ئەۋەتىلىپتۇ. ئۇ تەرەپلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، شۇ جايلاردا يەرلىكلىشىپ قاپتۇ. پۈتۈن قىپچاقلار قەبىلىسى بۇ ئوغۇلنىڭ نەسلىدىن ئىكەن.

## «تەكلىماكان» ئەپسانىسى ①

«پەرھات ئۆستىڭى» بىر قانچە تارماق ئېقىنلار بىلەن تۇشۇلۇپ، ناھايىتى ئۇلۇغ سۇ ھاسىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ دەريا ئېقىنى بويلاپ چەكسىز كەتكەن ئورمانلار، چىمەنزار يايلاقلار، سۈپ - سۈزۈك كۆللەر بارلىققا كەپتۇ. كەتەك شەھىرى، ئاق شەھەر، توپا شەھەر، ۋات شەھىرى قاتارلىق ئونلىغان ئاۋات شەھەرلەر بىنا بولۇپ، خەلقلىرى كۆپىيىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر

① بۇ ئەپسانىنى 1978 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىن ئۆزۈن ھەممەت ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، شۇ ئاساستا رەتلەندى.

ئوۋچى بوۋاي بۇ شەھەردىن چەت بىر باياۋانغا ئوۋغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر دۆڭنىڭ يېنىدا بىر قانچە تولكە ياپ - يېشىل ئۆسكەن شاخلار ئۈستىدە بىر نەرسە يەۋاتقان ئىكەن، ئوۋچى تولكىنى ئېتىپتۇ، تولكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوۋچى ھەيران قاپتۇ: شاخلىرى مەجنۇنتالغا ئوخشاش بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تالاسمىلىق دەرەخنىڭ شاخلىرىدا مەرۋايىتتەك تىزىلىپ تۇرغان يۇمۇلاق نەرسىلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. تولكە ئەنە شۇنى يەۋاتقان ئىكەن. ئوۋچى بوۋايمۇ «بۇ قانداق نەرسىدۇر» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن بىر تال ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغان ئىكەن، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇرجۇنىنى ئۇنى لىق قاچىلاپ، يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى بىلەن تويـ-غىچە يەپتۇ. ئىككىنچى يىلى بوۋاينىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئاشۇ خىل مەجنۇنتال ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بوۋاي بۇ خاسىيەتلىك ئۆسۈملۈكنى ئاسراپ پەرۋىش قىلىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆت يىل ئۆتكەندە ئۇ مېۋە بېرىپتۇ. بوۋاينىڭ بۇ خاسىيىتى ئەل - يۇرتقا تارىلىپتۇ. دەريا بويىدا ياشىغۇچى تۇمەنلىگەن كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا باغ ياساپ، مۇشۇ خاسىيەتلىك كۆچەتنى ئۆستۈرۈپ، مىسلىسىز جەننەت قۇرۇپتۇ. يۇرت - جامائەت جەم بولۇپ بۇ دەرەختە «تەك» دەپ نام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پايانسىز يۇرتلارنىڭ ئىسمى

تەكلى ماكان يەنى تەكلىك ماكان (يۇرت) دەپ ئاتىلىپ، تەك (ئۈزۈم) نىڭ ئەسلى ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمگە داڭقى يېيىلىپتۇ. هازىرمۇ كىشىلەر بۇ جاينى «تەكلىماكان» دەپ ئاتايدىكەن.

## قارا خان ۋە ئوغۇزخان ئەپسانىسى ①

قەدىمقى زاماندا تۈركلەرنىڭ ئوغۇزخان ئىسىملىك بىر خاقانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى قاراقاغان (قاراخان) دەپ ئاتىلىدىكەن. قارا قاغان كاپىر ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە زادى قۇلاق سالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭگى - جېدەل باشلىنىپتۇ. قاراخان كاپىرلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپتۇ. ئوغۇزخانمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپتۇ. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ جەڭدە ئوغۇزخان غەلىبە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن غەلىبىنى تەبرىكلەپ چوڭ بىر كېڭەش چاقىرىپتۇ، ئۆزىگە ياردەم بەرگەن ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە «ئۇيغۇر» دەپ نام بېرىپتۇ. «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشتى»، «ئىتتىپاقلاشتى»، «كۆمەكلەشتى» دېگەنلىك بولىدىكەن.

① بۇ ئەپسانە «ئۇيغۇر قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

## خوتەن ھەققىدىكى ئەپسانە ①

خاننىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن نەسەبى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ۋايىشداۋانا تەڭرى دەرگاھىغا بېرىپ ئىبادەت قىپتۇ. ئىلاھ ئوبرازىنىڭ پېشانىسىدىن بىر ئوغلان ئۈنۈپ چىقىپتۇ، ئۇنى مەيىگە سىلىپ ئېلىپ كەپتۇ. دۆلەت خەلقى تەبرىكلەپتۇ. ئوغلان ئەمچەكتە كۆنمىگەنلىكتىن يەنە ئىلاھتىن ئۇنىڭغا ئۆمۈر تىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھنىڭ ئالدىدىكى يەردىن بىر ئەمچەك ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئىلاھى ئوغۇل ئۇنى ئېمىپ ئەي بوپتۇ. ئەلدە تەڭدىشى يوق، ئەقىللىق، باتۇر بولۇپ يېتىلىپتۇ... شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەتتە خانلىق نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالماپتۇ. بۇ ئەلنىڭ خانى يەردىن ئۈنۈپ چىققان ئوغۇز (سۈتى) نى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەلنىڭ نامى «كىھو — ستان» دەپ ئاتىلىپتۇ. «كىھو» دېگەن سۆز ئارىيانلىقلارنىڭ تىلىدا «ئوغۇز سۈتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.

«كىھو — ستان» بولسا «ئوغۇز ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. كېيىن جانلىق تىلدا «س» تاشلىنىپ، «كىھوتان» دەپ ئاتالسا، ئاستا - ئاستا «ك» چۈشۈپ قېلىپ «ھوتان» ياكى «خوتەن» دەپ تەلەپپۇز

① بۇ ئەپسانە س. ئەخمەت، قۇربان ۋەلى يازغان «ئاق سېپىل قەدىمقى شەھەرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» دېگەن ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

قىلىنىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھازىرغىچە «خىتەن» دېگەن نام سىڭىپ قالغان ئىكەن.

## «توققۇز ھوجرا» ئەپسانىسى①

زامانى ئاۋالدىن ئىلگىرى بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىرلا قىزى بولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ھۆر - پەرى ئىكەن. پادىشا قىزىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. شۇ سەۋەپلىك ئۇز ئوردىسىدا ساقلاشقا رايى بارماي، يۇرتىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئېگىز تاغ قاپتىلىغا كۆركەم، نەقىشلىك ھوجرا قازدۇرۇپ، ئۈستىگە گۈزەل باغلارنى بىنا قىلىپ، قىزىنى شۇ ھوجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ ھوجرىغا قىرىق ۋاخىلىق شوتا بىلەن چىققىلى بولىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بەشكېرەم دېگەن يۇرتتىن بىر ئۈزۈمچى ئۈزۈم ئېلىپ، ھوجرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە ئۈزۈمدىن بىر ساپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن، ئۈزۈمچى بىر ساپ ئۈزۈمنى سۇنۇپ بېرىپتۇ. ئۈزۈمنىڭ ئارىسىدىن بىر دۆ (ئۆمۈچۈك) چىقىپ، بۇ گۈزەل قىزنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ، كۆپ يىغلاپ كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ، ھەسرەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. قىزنىڭ نامىغا بۇ جاي «توققۇز ھوجرا» دەپ ئاتىلىپ، مۇقەددەس مىلىك ئۆيلەر قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

---

① بۇ ئەپسانە خەلق ئارىسىدىن توپلانغان.

## خوتەن گىلىمى — گۆلەم ئەپسانىسى ①

خوتەن پادىشاسىنىڭ گۆلەمخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ئاشۇ قىز گىلەم توقۇشنىلا ئەمەس، ھەتتا قۇشلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدىكەن. بىر كۈنى بۇ قىزنىڭ دادىسى ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن دەريا بويىدا تاماشا قىلىۋاتقاندا، بىر قۇشنىڭ باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان ئاۋازدا سايراۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپتۇ. بۇنىڭغا ئەجەپلەنگەن شاھ ۋەزىرلىرىدىن: «بۇ قۇش نىمە دەپ سايراۋاتىدۇ؟ قۇشنىڭ تىلىنى كىم بىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ قۇشنىڭ تىلىنى ئۇنىڭ قىزى بىلىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىنى چاقىرىپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ قىزى: «بۇ قۇش ئايال كىشى شاھنى گاداي قىلىۋېتىشى ۋە شۇنداقلا گادايىنى شاھ قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن دەپ سايراۋاتىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ شاھ غەزەپلىنىپتۇ-دە، بىر گادايىنى چاقىرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا قىزىنى تۇرمۇشقا چىقىرىپ: «مانا ئەمدى ئۇنى سەن شاھ قىلىپ باق» دەپ، ئۇلارنى چۆلگە ھەيدىۋېتىپتۇ.

گاداي چۆلدىن ئوتۇن توشۇپ بازارغا ئەكىلىپ ساتىدىكەن، تاپقان پۇلىغا ھەر كۈنى يىپ سېتىۋېلىپ

---

① بۇ ئەپسانە ئالدىنتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

ئايالىغا ئەكىلىپ بېرىدىكەن. گۈلەمخان ئېرى ئەكىلىپ بەرگەن يىپتىن ھەر خىل كەشتىلەرنى توقۇيدىكەن، ئېرى ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. پەيدىن - پەي ئۇ گىلەم توقۇشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ ئاجايىپ ئۈز. جۇلالىق گىلەملەرنى توقۇپتۇ. ئېرى بۇ گىلەملەرنى سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىرى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇرۇنقى گاداي ئۆزى ئوتۇن ئاپىرىپ ساتقان شەھەرگە پادىشا بوپتۇ.

بىر كۈنى گۈلەمخان دادىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى شاھلىق سەلتەنىتى بىلەن قىز- نىڭ دادىسىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن شاھ ھېلىقى قۇشنىڭ سوزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەققەن ئەكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شاھ ئەل- جامائەت ئالدىدا قىزى توقۇغان گىلەمگە ئۇنىڭ نامىنى بېرىپتۇ. شۇندىن باشلاپ خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئايرىم تۈرلىرى گۈلەمخانىنىڭ نامى بىلەن «گۈلەم گىلىمى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## «ئۇيغۇر» ھەققىدىكى ئەپسانە①

ياپەس ئەۋلادىدىن بولغان تۈرك ئىسسىق كۆل ئەترا-پىغا جايلىشىپتۇ. بۇ يەرگە تۈرك ئەۋلادىدىن ئەلىنجى خان، ياغدى خان، كۆيۈك خان، كېيىنچىرەك ئالىنجە خان ھۆكۈم-دار بوپتۇ. ئالىنجە خان ئۆلۈش ئالدىدا مەملىكىتىنى تاتار، موڭغۇل ناملىق ئىككى ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ...

موڭغۇل خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ئوغۇز خان ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئوغۇل قارا خاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، بىر ياشقا تولغاندا ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئۆزى «مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز» دەپ قويۇپتۇ. ئۇ چاغدا بالا بىر ياشقا كىرمىگىچە ئات قويۇلمايدىكەن...

شۇنداق قىلىپ، قارا خان بىلەن ئوغۇز ئوتتۇرىسىدا جەڭ بوپتۇ. ئۇرۇشتا قاراخاننىڭ قېرىنداشلىرى، ئەۋلاتلىرى، ئوغۇللىرى تامامەن ئوغۇز تەرىپىگە ئۆتكەن ئىكەن. ئوغۇزخان بۇلار بىلەن ئىتتىپاق ئۇيۇتۇپتۇ ۋە ئۇلارنى ئوغۇزخان «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپتۇ.

## ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە②

ئىگىز ھارۋىلىقلار قەدىمقى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىكەن ... ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئايالى ئىككى قىز تۇغقان بولۇپ، بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

---

① بۇ ئەپسانە «تارىخىي ئومۇمىيە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

② يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

بۇ ئەلدىكى ئادەملەر ئۇ قىزنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن.
هون تەڭرىقۇتى: «مۇشۇ قىزلىرىم قانداق كىشىلەرگە
جۈرە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرى بىلەن جۈرىلەشسە
بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ تەڭرىقۇت هونلار ئېلىنىڭ
شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن جايغا ئېگىز بىر
قورغان سالدۇرۇپ، قىزلارنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ،
«قىزلارنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قارشى ئېلىشىنى
ئۆتۈنىمەن» دەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىز-
لارنىڭ ئانىسى قىزلارنى كۆرمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت:
«بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن
ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە
بىر قېرى بۆرە پەيدا بولۇپ، كېچە-كۈندۈز قورغاننى ياقىلاپ
هۇۋلايدىغان بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ
بىر ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتىۋېرىپتۇ، بۆرە زادى
كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا
«دادام مېنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا
تەڭرى بىلەن جۈرە بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلغان. بۈگۈنكە
كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاهى مەخلۇق
ياكى پەرىشتىنىڭ ئۆزى» دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ،
بۆرىگە جۈرە بولماقچى بوپتۇ. سىڭلىسىدىن بۇ سۆزنى
ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ: «بۇ، هايۋان
تۇرسا، ئۇنىڭغا جۈرە بولىمەن دېيىش ئاتا-ئانىمىزغا
قىلىنغان هاقارەت!» دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە

قۇلاق سالماي قورغانىدىن چىقىپ، بۆرىگە جۆرە بوپتۇ. ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ، بىر دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپتۇ.

## قىپچاق ھەققىدىكى ئەپسانە①

### (1)

كونىلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان سىر دەريا بويىدا بولغان بىر جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ باتۇر بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئېغىر ئاياق بولغان خوتۇنى ئىز-سىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. ئوغۇزخان شۇ خوتۇننى تاپتۇرۇش ئۈچۈن جەڭ بولغان جايغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئوغۇزخان ئەۋەتكەن ئادەملەر سىر دەريا بويىدىكى بىر قېلىن ئورمانلىقتىن يوقالغان خوتۇننى تېپىشىپتۇ. ئېغىر ئاياق خوتۇن، ئىچى كاۋاك بىر چوڭ دەرەخنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل تۇغقان ئىكەن. خوتۇننى شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تاپقان ئادەملەر ئۇنى بوۋاق بىلەن بىللە ئوغۇزخان-نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئوغۇزخان، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا «قىپچاق» دەپ ئات قويۇپتۇ. «قىپچاق» سۆزى «قىسىلچاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئىچى كاۋاك دەرەخنىڭ قىسىل-چىقىدا تۇغۇلغان ئوغۇلغا شۇنداق ئات قويغان ئىكەن.

---

① بۇ ئەپسانە خىۋە خانى ئوبۇلقاسىم باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

## قىپچاق ھەققىدىكى ئەپسانە ①

(2)

ئوغۇز خاقان لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئىتىل دەرياسىغا كەپتۇ. ئىتىل دەرياسى چوڭ بىر دەريا ئىكەن. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرۈپ: «ئىتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟» دەپتۇ. لەشكەرلەر ئىچىدە ئۇلۇس ئوردا بەگ دىگەن بىر ياخشى بەگ بار ئىكەن. ئۇ قابىلىيەتلىك ھەم ئەقىللىق ئادەم ئىكەن. ئۇ بەگ دەريا بويىدا ئۆرگۈن تال - ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ ئاشۇ ياغاچلارنى كېسىپتۇ. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ. ئوغۇز خاقان شاتلىنىپ كۈلۈپ: «ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ، قىپچاق ساڭا بولسۇن ئات» دەپتۇ.

## قارلۇق ھەققىدىكى ئەپسانە ②

ئوغۇز خاقان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا مىنىدىكەن. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. يولدا بۇ ئايغىر كۆزدىن يوقۇلۇپتۇ. ئۇ يەردە ئېگىز بىر تاغ

① بۇ ئەپسانە مىللەتلەر نەشرىياتى نەشىر قىلغان «ئوغۇزنامە» دىگەن كىتابتىن ئېلىندى.

② بۇ يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە تېرەك - مۇزلار، چوققىسىدا ئاپپاق قارلار بار ئىكەن. شۇڭا بۇ تاغ مۇز تاغ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئوغۇزخاقاننىڭ ئېتى مۇزتاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان ئۆزۈنىڭچە ئازاپ چېكىپتۇ. لەشكەر ئىچىدە بەستلىك ۋە تەمبەل بىر ئەر بار بولۇپ، ئۇ ھېچنىمىدىن قورقماس باتۇر ئادەم ئىكەن. بۇ ئادەم ئاتنى ئىزدىگىلى تاغقا كىرىپتۇ. توققۇز كۈندىن كېيىن، ئوغۇزخاقانغا ئايغىرنى ھازىر قىپتۇ. مۇز تاغ ئىنتايىن سوغ بولغاچقا، بۇ بەگنىڭ پۈتۈن ئەت - يانىنى قار - مۇز قاپلىغان ئىكەن. ئوغۇز خاقان خۇرسەن بولۇپ: كۈلۈپ «ھەي، سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق، مەڭگۈلۈك ئىسمىڭ بولسۇن ساڭا قارلۇق» دەپتۇ.

## قاڭقىلىلار ھەققىدىكى ئەپسانە①

ئۇرۇشتىن كېيىن ئوغۇز خاقاننىڭ لەشكەرلىرىگە، نۆكەرلىرىگە ۋە خەلقىغە شۇنداق كۆپ غەنىمەتلەر چۈشۈپتىكى، ئۇنى توشۇشقا شۇنچە ئات، خېچىر، كالىلار ئازلىق قىپتۇ. ئوغۇز خاقاننىڭ لەشكىرى ئىچىدە ياشان- غان بىر چەۋەر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىللىگ ئىكەن. بۇ چەۋەر ئادەم بىر ئىگىز ھارۋا ياساپتۇ. ھارۋا ئۈستىگە جانسىز غەنىمەت-

① يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

لەرنى قاچىلاپتۇ. ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىمەت-
لەرنى قوشۇپتۇ ۋە ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزۇپتۇ. نۆۋ-
كەرلەر، ئەل-جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ،
ئۇلارمۇ ھارۋا ياساپتۇ. ئىگىز ھارۋا ماڭغاندا «قاڭغا،
قاڭغا» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا «قاڭغا»
دەپ ئات قويۇپتۇ. ئوغۇز خاقان قاڭغالارنى كۆرۈپ
كۈلۈپ: «قاڭغا بىلەن جانسىز غەنىمەتنى جانلىق
غەنىمەت سۆرەپ ماڭىدىكەن. ئىگىز ھارۋىنى مەڭگۈ
ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قانغۇلۇق ساڭا ئات بول-
سۇن» دەپتۇ.

## قالاچ ئەپسانىسى①

ئوغۇزخان ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ ماڭغاندا
يولدا مۇنداق بىر ۋەقە بوپتۇ. بىر ھامىلدار ياش ئايال
ئوغۇل تۇغۇپتۇ. يەيدىغان ھېچنەرسىسى يوق ئاچ قاپتۇ.
بالىسى ئەمگۈدەك سۈتىمۇ يوق ئىكەن. ئىككى-ئۈچ
كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر قىرغاۋۇلنى چىشلەپ
كېتىۋاتقان تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئايالنىڭ ئېرى
تۈلكىنى چوماق بىلەن ئۇرغان ئىكەن، تۈلكە قىرغاۋۇل-
نى تاشلاپ قېچىپتۇ. ئايالنىڭ ئېرى قىرغاۋۇلنى

① بۇ ئەپسانە دوكتور ۋەلىدىن توغاننىڭ تەرجىمە ئۆخمەدىن
ئېلىندى.

يۇگداپ، تازىلاپ پىشۇرۇپتۇ-دە: «مانا بۇنى يەسەڭ، سۈتتۈك كىلىپ بالىنى ئېمىتەرسەن» دەپ خوتۇنىغا بېرىپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇزنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلسە، ئوغۇز: «نەدە ئىدىڭ؟ يولدا نىمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم ئېغىر بويى خوتۇنىنىڭ يولدا تۇيۇقسىز يەڭگىپ قېلىپ كېچىكىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوغۇز ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي: «خوتۇنۇم تۇغدى دەپ سەپتىن قالامسەن؟ ئۇنداق بولسا مۇشۇ يەردە قال» دەپ، ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ، تۈركچە «قال ئاچ» دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «سەن ئاچ بولغاندىن كېيىن ئارقىدا قال» ئىكەن. ئوغۇزنىڭ بۇيرۇغى بىلەن بۇ ئەر-خوتۇن شۇ يەردە قاپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىسىم «قالاچ» بولۇپ ئۆزگىرىپ، بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ قالغان ئىكەن. بۇ قەبىلە ئاشۇ شەخسنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

## يالقۇنتاغ ئەپسانىسى①

بۇرۇنقى زاماندا سىڭگىم ئېغىزىدىن تارتىپ سەككىز يۈزچاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا داۋاملىق ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇنى يالقۇنتاغ دەپ ئاتايدىكەن. سۇلكۇۋۇكۇڭ بۇ جايدىن ئۆتكەندە يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ، ئۇنى يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە قايتا ھاياتلىق پەيدا بولغانىمىش.

## قىزىل «مىڭ ئۆيى» ھەققىدىكى ئەپسانە②

قەدىمقى كۇسەن پادىشاسىنىڭ شېرىن ئىسىملىك بىر گۈزەل قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىزغا سايراملىق پەرھات ئىسىملىك بىر كەمبەغەل يىگىت ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۇسەن پادىشاسى قىزىنى بېرىشتە مۇز تاغ باغرىدىن «مىڭ ئۆي» قېزىشنى پارھاتقا شەرت قىپتۇ. ئاشىق يىگىت بۇ شەرتنى ماقۇل كۆرۈپ، بىستون تېغىنى يېرىپ، مىڭ ئۆينى قېزىشقا باشلاپتۇ. ئۇ توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئۆينى قېزىپ بولغاندا

---

① بۇ ئەپسانە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1980 - يىل 23 - ئىيۇل سانىدىن ئېلىندى.

② بۇ ئەپسانە كۇچار كونا شەھىرىدىن مەمتىمىن بايەز ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» ناملىق رومانىدىمۇ نەقىل قىلىنغان.

ماغدۇرىدىن كېتىپ قاپتۇ. شېرىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ھوشسىز ياتقان ئاشىنى پەر-ھاتنى قۇچاقلاپ، ئۇچ كېچە - كۈندۈز زار يىغلاپ، ئاخىرى ئاشىقى بىلەن بىللە ئۆلۈپتۇ. پادىشانىڭ قەسىر - ئاي-ۋانلىرىدا قەپەزدە بېقىلىۋاتقان بوز تورغايلارمۇ مۇڭ-لىرىنى تۆكۈپ سايراشقا باشلاپتۇ. پادىشا شۇ چاغدا شىكاردا ئىكەن، قىزى شېرىننىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاھلىق تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، قۇللىرىنى ۋە قەپەزدىكى بوز تورغايلىرىنى ئازات قىپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ تورغايلار ئاشىق - مەشۇقلار دەردىدە ھەسرەت چېكىپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پەرھات قازغان مىڭ ئۆينىڭ ئۈستىدە مۇڭلۇق سايرىشىپ يۈرىدىكەن. كېيىنچە بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قەۋرىسىدىن گۈل - چېچەكلەر ئۈنۈپ چىقىپ، پەرھات قازغان «مىڭ ئۆي» ئەتراپىنى قىزىل گۈللەر پۈركەپتۇ. شۇ سەۋەپلىك بۇ جاينى كىشىلەر «قىزىل مىڭ ئۆيى» دەپ ئاتاپتۇ.

# يىغلاڭغۇ تاغ ئەپسانىسى ①

قەدىمقى زاماندا كۇسەن پادىشاسىنىڭ خانىشى بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىز شۇنداق گۈزەل چوڭ بوپتىكى، ئۇنى بىرلا كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئەس - ھوشىنى يوقىتىدىكەن. قىزنىڭ چېچەنلىكى ۋە گۈزەللىكى توغرى - سىدا ئەل - يۇرت ئارىسىدا داستان - قىسسىلەر توقۇ - لۇپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ ھەر قايسى ئەللەرگە تاراپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا خوتەن شاھىنىڭ شاھزادىسى پەرھاتمۇ بۇ قىز توغرىسىدا توقۇلغان قىسسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىقى - بىقارار بوپتۇ ۋە خوتەن يۇرتىدىن كۇسەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

بۇ چاغدا بۇ قىزغا تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. قىزنىڭ دادىسى — پادىشا شۇنداق پەرمان چىقىرىپتۇ: «كىمكى ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاققا مىڭ ئۆي قېزىپ پۈتتۈرسە، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن.» بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە، بايۋەچچە - لەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېلى چىقىپ پەرىشان ھالدا قايتىپتۇ. خوتەن شاھزادىسى پەرھات دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ

① بۇ ئەپسانە كۇچار ناھىيىسىدىن ھەمتىمىن بايىزنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن رەتلەندى.

مول يۇرۇپ ئاخىرى كۆچارغا يېتىپ كەپتۇ. شېرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن پادىشانىڭ پەرمانىنى بىجا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، ئىرادىسىنى ئىشق ئوتىدا تاۋلاپ، بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆز يۇرتىدا ئۆگەنگەن تاش-چىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆي ياساشقا كىرىشىپتۇ.

شېرىنمۇ پەرھاتنى كۆرۈپلا ئاشىق بوپتۇ ۋە پەرھات ئۆي ياساۋاتقان تاققا كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇسسۇلۇق ۋە تائام ئەكىلىپ بېرىپتۇ. پەرھات جاپالىق ئىشلەپ ئاخىرى توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئېغىز ئۆينى پۈتتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز ئۆينى ياساشقا كىرىشىپتۇ. بۇ خەۋەر كۆچار ۋىلايىتىگە تارقىلىپتۇ. ئۇزۇندىن بۇيان شېرىنگە ئاشىق بولۇپ يۈرگەن، ئەمما ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىر جادىگەر موماينى ئەۋەتىپ، پەر-ھاتقا زەھەر بېرىپ جېنىغا قەست قىپتۇ. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا كۆچار ۋىلايىتىگە تارقاپتۇ، يەر-زېمىن تىترەپتۇ، ئەل-يۇرت ماتەم تۇتۇپتۇ. شېرىنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاشىقىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگەن تاغمۇ تاقەت قىلالماي ياش تۆكۈپتۇ. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ تاغنىڭ قايغۇلۇق كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈپ، مىڭ ئۆي جايلاشقان تاغ باغرىنى كۆكەرتىپ، باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

# تەڭگە تاغ ھەققىدە ئەپسانە ①

بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندا بىر تەڭرى، يەردە بىر تەڭرى بار ئىكەن. ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، كۈن دىسە كۈن خىجىل بولغۇدەك، ئاي دىسە ئاي خىجىل بولغۇدەك گۈزەللىك تەختىنىڭ سۇلتانى ئىكەن.

يەر تەڭرىسىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ باتۇرلۇقتا، مەرتلىكتە ۋە قەھرىمانلىقتا دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىكەن.

بىر كۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى ساياھەت قىلىپ كائىناتنى ئارىلاپتۇ. بىر يەرگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، جەننەتتىمۇ گۈزەل ئاجايىپ بىر يەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە چۈشۈپ شاقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارنى، رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلغان گۈللەرنى، بەس-بەستە سايرىشىۋاتقان قۇشلارنى، توپ-توپى بىلەن يايلاۋاتقان ھايۋانلارنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاسمانغا چىقىپ كەتكۈسى كەلمەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شىكارغا چىققان يەر تەڭرىسىنىڭ ئوغلى — تۇپراق، ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تۇپراقنىڭ باتۇرلىقى بۇ قىزنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى مۇھەببەتلىشىپ قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئۇققان ئاسمان ئىلاھى تۇپراق

① يوقۇرقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئاسمان ئىلاھى تۇپراقنى يېڭىلەپتۇ، ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ، بالىسىنى تەۋرىتىپ ئولتۇرغان قىزنىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ ۋە ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقە ئاتۇشنىڭ تەڭگە تاغ دىگەن يېرىدە بولغانىمىش. ھازىرغىچە تەڭگە تاغدا ئەنە شۇ قىز بىلەن ئۇنىڭ بوۋاق بالىسىنىڭ تاشقا ئايلانغان جەسىدى بارمىش.

## چولپان ①

بۇرۇن بىر كەمبەغەلنىڭ چولپان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئاسماندىكى كۈن ۋە ئايلارنىڭمۇ بۇنىڭغا ھەسەت قىلغۇسى كېلىدىكەن. قىز شۇنداق چېچەن، شۇنداق زېرەك چوڭ بوپتۇ. قىز راسا ۋايىغا يەتكەن مەزگىلدە شۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ كۆزى قىزىرىپ، قىزنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە ھارامغا زورلاپتۇ. بۇ نارسىدە قىز «ئاھ-زار» ئۇرۇپ، خۇداغا نالە قىپتۇ. خۇدا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، بۇ گۈزەل قىزنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇندىن باشلاپ كۆكتە «چولپان» ئاتلىق يۇلتۇز پەيدا بوپتۇ.

---

① يۇقۇرقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

## ئەسما پەرى ھەققىدە ①

ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادىشاسى ھەممە پەرىشـ-
تىلەردىن چىرايلىق بولۇپ، يەتتىنچى ئاسماندا تۇرار-
مىش. تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر شۇ پەرىشتىنىڭ
كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققانمىش؛
يەنى پەرىشتە كۆزىنى ئاچسا قۇياش چىقىپ پۈتۈن
كائىنات يورۇيدىكەن، ئۇ ئۇخلىسا جاھاننى زۇلمەت
باسىدىكەن، يىغلىسا يامغۇر ياغىدىكەن، كۈلسە قار
ياغىدىكەن، ئاغزىنى ئاچسا بوران چىقىدىكەن، نەپەس
ئالسا شامال چىقىدىكەن، قاپىقىنى تۈرسە ھاۋا بۇزۇلى-
دىكەن، غەزەپلەنسە يەر تەۋرەيدىكەن، قېشىنى ئاتسا
ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ
ئىسمىنى ئەسما پەرى دەپ ئاتايدىكەن.

## تاغدىن نېمە ئۈچۈن ئاۋاز چىقىدۇ؟ ①

بۇرۇنقى زاماندا بىر جاڭگالدا بىر جۈپ ئەر-
خوتۇن ياشايدىكەن. كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپ ئۇلار بىر
ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بۇ بالىلار بويىغا
يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى مەسلىھەتلى-
شىپ، بۇلارنى بىر بىرىگە چېتىپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئوغلىنى تاققا چىقىپ ئوۋ

---

① يۇقۇرقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

ئوۋلاشقا ئەۋەتىپتۇ. قىزنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسى بازارغا كېتىپتۇ. ئۇلار بازاردىن تويلۇق ئاپتۇ. قىز ئۆگزىگە قوناق يېيىپ ئولتۇرسا، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى دەرەخقە بىر قاغا كېلىپ قونۇپتۇ ۋە: «ئەي قىزچاق، قونىقىڭدىن بىر تال بەرسەڭ مەن ساڭا مۇھىم بىر خەۋەر ئېيتىپ بېرىمەن» دەپتۇ. قىز دەرھال بىر چاڭگال قوناق بېرىپتۇ. قاغا قوناقنى يەپ بولۇپ: «قىزچاق، سېنى ئاكاڭغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن داداڭ بىلەن ئاپاڭ بازارغا تويلۇق ئالغىلى كەتتى» دەپتۇ،

قىز بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، دادىسى بىلەن ئاپىسى خېلى كۆپ نەرسىلەرنى قولتۇقلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن. قىز شۇنى كۆرۈپلا بەدەر قېچىپتۇ، قېچىپتۇ، قېچىپتۇ... ئۇسساپ ھېرىپتۇ. شۇنداق قارىسا، دادىسى بىلەن ئاپىسى ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن. قىزنىڭ ماڭغۇچىلىكى قالمىغاچقا، يىغلاپ تۇرۇپ تاشقا يېلىنىپ، مۇنداق مۇناجات قىپتۇ:

يېرىلغىن تاش يېرىلغىن،
كىرىۋالاي قوينۇڭغا.
كەلگەنلەر تاپالمىسۇن،
ياشاي سېنىڭ قوينۇڭدا.

قىزنىڭ نالىسى تاشنى ئېرىتىپتۇ، تاش يېرىلىپتۇ،

قىز كىرىپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى كېلىپ يىغلاپتۇ، نالە قىپتۇ، لېكىن تاش يېرىلماپتۇ. ئۇلار نىمە دەپ چاقىرسا، قىزمۇ شۇنى دەپ دوراپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قىزنى بىر نەچچە كۈن كۈتۈپتۇ، لېكىن قىز يەنىلا چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى قاغاپ: «ئۆمۈر بويى تاغ ئارىسىدا دورامچىلىق قىلىپ ئۆتكەيسەن» دەپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز تاغ ئارىسىدا قاپتۇ. ھازىرمۇ كىم تاغ ئارىسىدا توۋلىسا، ئەنە شۇ قىز ئۇنى دوراپ توۋلارمىش. تاغدىن چىقىدىغان ئەكس سادا ئەنە شۇ قىزنىڭ ئاۋازىمىش.

# 4 . تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

## سىيانپى ئەپسانىلىرى①

(1)

مىلادى ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تورۇغۇر ئاتلىق بىر سىيانپى ھونلار قوشۇنىدا ئۈچ يىل خىزمەت قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئۇنىڭغا تانشىغۇي دەپ ئات قويغان ئىكەن. تورۇغۇر بۇ ئەھۋالدىن غەزەپلىنىپ، ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ تاشىماقچى بوپتۇ. ئېرىنىڭ پەيلىنى سېزىپ قالغان ئايال دەرھال ئەقىل ئىشلىتىپ، بىر ئەپسانە توقۇپ چىقىپتۇ. ئۇ تورۇغۇرغا: «بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماقلار چاقتى، مەن قورقۇپ كېتىپتىمەن، ئاسمانغا قاراپ ئاغزىم ئېچىلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئاسماندىن تۆلا يېغىپ، ئاغزىمغا بىر دانىسى چۈشتى، ئاغزىمغا چۈشكەن تولىنى يۇتۇۋەتتىم، بولغان

① بۇ ئەپسانە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.

ئىش ش ش دىن باشلاپ قوساق كۆتۈرۈپ ئوغۇل تۇغ-
دۇم» دەپتۇ. ئايالىنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن توقۇ-
غان ئەپسانىسىگە ئىشەنگەن تورۇغۇر ئاچچىغىدىن يېنىپ،
پەسكويىغا چۈشۈپتۇ.

سىيانپىلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتى-
دىغان، قۇدرەتلىك سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ئىم-
پېراتور تانشىغۇي ئانىسىدىن ئەنە شۇنداق تۇغۇلغان ئىكەن.

## يارىشىملىق ئىلاھى ھايۋان «سايىبى» ھەققىدىكى ئەپسانە①

(2)

سىيانپى خانلىرىدىن تويانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى
قىپان سىيانپىلارنى باشلاپ ئېيتقۇسىز مۇشەققەتلىك، ئا-
جايىپ خەتەرلىك كۆچۈش سەپىرىگە قەدەم قويغاندا،
سىيانپىلارغا «قىياپىتى ئاتقا، ئاۋازى كالىغا ئوخشاپ
كېتىدىغان سايىبى ناملىق بىر ئىلاھى ھايۋان يول
باشلىغان» ئىكەن. ئۇلار مانا شۇ يارىشىملىق ئىلاھى
ھايۋانىنىڭ كەينىدىن ئىگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلاردىن
ئۆتۈپ، قاتمۇ - قات توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىر يىل
دېگەندە كۆزلىگەن جايىغا يېتىپ كەلگەن ئىكەن. شۇنى-
دىن باشلاپ، ئۇلار «سايىبى» ناملىق ئىلاھى ھايۋان-

① بۇ ئەپسانە «ۋېي يىلنامىسى، پادىشالار تەرجىمىھالى كىرىش خاتى-
رىسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ىغا چوقۇنىدىغان بوپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «سىيانپى» دىگەن نام ئىلاھى ھايۋان «سايىبى» دىگەن نامدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

## ئۇيغۇر خاقانى — بۇكۇتېكىن ئەپسانىسى ①

ئۇيغۇر ئېلىدە خولىن (قارا قۇرۇم) ناملىق بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغدىن توغلا ۋە سېلىنگا ناملىق ئىككى دەريا ھاسىل بولغان ئىكەن. بىر كېچىسى بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدىكى ياغاچنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن بىر زەڭگەر نۇر چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىسىدا ياشىغۇچى خەلق ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپتۇ. مۇقەددەس نۇر دەرەخنىڭ گەۋدىسىدە ئايلارچە تۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ گەۋدىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلاپتۇ. مۇڭلۇق مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىنىپ، كېچىلىرى ئوتتۇز قەدەم ئەتراپتىكى يەرگە نۇر چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ياغاچنىڭ گەۋدىسى يېرىلىپ، ئىچىدىن بەش بوۋاق چىقىپتۇ. بۇلار نۇردىن تۇغۇلغان مۇقەددەس بالىلار ئىكەن. ھەممە كىشى بۇ بالىلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئىسىملىرى چوڭ - كىچىكلىك تەرتىۋى بىلەن سوڭگۇر تېكىن، قوتۇر تېكىن، تۈكەك تېكىن، ئور تېكىن ۋە بۆكۈ تېكىن دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ

① بۇ ئەپسانە ئىستامبۇلدا نەشىر قىلىنغان «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ئۇيغۇرلار بۇلارنىڭ بىرىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. بۆكۈ تېكىن گۈزەللىكتە، ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەممەيلەن بىردەك قاغانلىققا سايلاپتۇ، داغدۇغىلىق مۇراسىم قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

## تۇمارىس ئەپسانىسى ①

كاسپىي دېڭىزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان بىپايان چۆل ۋە قىرلاردا ماساگېتلار ياشايدىكەن. ئىران پادىشاسى كەيخىسراۋ ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالماقچى بولۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ ...

ئۇ زامانلاردا ماساگېتلارغا تۇمارىس دېگەن ئەقىللىق، دانا بىر ئايال باش بولۇپ تۇرغان ئىكەن. كەيخىسراۋ تۇمارىسنى ھىلە بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بوپتۇ، ئۇ تۇمارىسنىڭ ئېرىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئېلىش يولى بىلەن، ماساگېتلار يېرىگە ئىگە بولۇش پىلانىنى تۈزۈپتۇ. شۇ مەقسەتتە ئۇ، تۇمارىسقا سوغىلار بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتىپتۇ. زېرەك تۇمارىس مەك-

① بۇ ئەپسانە گىرېك تارىخچىسى ھېرادوتنىڭ «تارىخ» كىتاۋىدا ھىكايە قىلىنغان. شۇ ھىكايە ئاساسىدا تۈزۈلدى.

كار پادىشانىڭ قارانىيىتىنى سېزىپتۇ. پادىشاغا خوتۇن ئەمەس، بەلكى ماساگىتلار يۇرتى كېرەكلىكىنى بايقاپتۇ ۋە ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ. كەيخىسراۋ ھىلە - نەيرەڭدىن ئىش چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەساسى مەقسىدىنى ئوچۇق ئېيتىپتۇ. ئارساك دەرياسى تەرەپكە يۈرۈش قىپتۇ. ئۇ كۆپلىگەن سال - كېمە ياسىتىپ، بېھساپ قوشۇنى ۋە قورال - ياراقلىرىنى ئۇنىڭغا قاچىلاپ، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈش چارىسىنى قىپتۇ.

توماريس ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەن، تېزلىك بىلەن ئۇنىڭغا چاپارمەن ئەۋەتىپ شۇ سۆزلەرنى يەتكۈزۈپتۇ: «ھەي، ھىلىگەر ماختانچاق پادىشا! بۇ نىيىتىڭدىن قايت، چۈنكى، بۇ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىڭدىن ئۆزەڭگە پايدا ياكى زەرەر تېگىشىنى بىلمەيسەن. تېچ ۋە ئاسايىشلىق بىلەن ئۆز يۇرتۇڭغا ھۆكۈمرانلىق قىل، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەر. ئەمما، بىز بىلىمىزكى، سەن تېچلىقنى خالىمايسەن، شۇ سەۋەپلىك ئەگەردە بۇ مەسلىھىتىمىزگە كىرمىسەڭ، ماساگىتلار بىلەن توقۇنۇشۇشنى خالىساڭ، كۆۋرۈك ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرما. بىزگە ئېيتساڭ، بىز ساڭا دەخلى قىلماي دەريادىن ئۈچ كۈنلۈك يىراق يولغا كۆچۈپ كېتىمىز، بىمالال دەريادىن ئۆتىسەن، ئۇندىن كېيىن يۈزمۇ - يۈز ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بىز بىلەن

دەريانىڭ ئۆزەك تۇرغان قىرغىقىدا ئۇرۇشماقچى بولساڭ، ئۇنى ئېيت، بۇنىڭغا ھەم بىز رازى، پەقەت نامەرتلىك قىلما!»

بۇ دادىل گەپلەرنى ئىشتىپ، كەيخىسراۋ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، مەخپى سۆرەتتە ئۆز سەركەردىلىرىنى توپلاپتۇ. ئۇلارنى ۋەقەدىن خەۋەردار قىلىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. كۆپچىلىك تۇمارىسنىڭ ئىرادىغا كەلتۈرۈپ جەڭ قىلىش پىكرىگە كەپتۇ... پەقەت قەھرى قاتتىق ۋەزىرى — لىدىيىلىك كرىز بۇ پىكىرگە قارشى چىقىپتۇ، تۇمارىسنىڭ ئېلىدە ئۇرۇش ئېچىشنى تەلەپ قىلىپ، يوليورۇقلار كۆرسىتىپتۇ.

شۇنىدىن كېيىن كەيخىسراۋ تۇمارىسنىڭ قىرغاقتىن ئۆزاقلىشىشنى سوراپ، دەريانىڭ تۇمارىس تۇرغان بېتىدە ئۇرۇش قىلىشنى بىلدۈرۈپتۇ. تۇمارىس ۋەدىسىگە تۇرۇپ، ئۈچ كۈنلۈك يول بېسىپ نېرى كېتىپتۇ. كەيخىسراۋ ئۆز قوشۇنى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپتۇ.

كەيخىسراۋ دەريانىڭ شۇ قىرغىقىدا سەككىز كۈن يول يۈرۈپتۇ. كېيىن ۋەزىرى كرىزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ماساگېتلارغا قارشى ھىلە تۈزىشنى قۇرۇپتۇ؛ نازۇ - نېمەت ۋە ئىچكۈلۈكلەرنى تەييارلاپ، ئەڭ يامان ئەسكەرلىرىدىن بىر توپىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئەڭ ياخشى ئەسكەرلىرى بىلەن ئالدىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ماساگېتلار

قوشۇنىنىڭ بىر تۈپى — ئۈچتىن بىر قىسمى كەيخىسراۋ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ. كېيىن ماساگىتلار زىيادەت ئۇستىدىن چىقىپ، تەييار نازۇ - نېمەت ۋە شاراپلاردىن بېشىنى كۆتەرمەپتۇ. شۇندا ئىران قوشۇنلىرى قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بەزىلىرىنى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئەسىرلەر ئىچىدە ماساگىتلار قوشۇنىغا باش بولۇپ كەلگەن تومارىسنىڭ ئوغلى سىپارگانىز ھەم بار ئىكەن.

تومارىس بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولۇپ، كەيخىسراۋغا چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ ھەمدە شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ: «ئەي قانخور كەيخىسراۋ! قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختانماي قوي سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى يۈزمۇ - يۈز جەڭدە يەڭگىنىڭ يوق، ئۇنى مەككارلىق بىلەن شاراپ ئىچۈرۈپ قولغا چۈشۈردۈڭ. ئۆزۈمدىن ياسالغان بۇ يارىماس ئىچىملىكنى ئىچكەندىن كېيىن سىزلەرگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ مېڭىسى ئايلىنىپ، ئاغزىدىن شادى كىردىپ، بادى چىقىدۇ. ئەمدى مېنىڭ مەسلىھىتىمگە كىر؛ ئوغلۇمنى ماڭا تاپشۇرۇپ، زىيان - زەھمەتسىز كەلگەن يېرىڭگە قايتىپ كەت. ماساگىت قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قولغا چۈشۈرگىنىڭ بىلەن ئۆزەڭچە كېرىلىپ كەتمە. ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭ ماساگىتلار تەڭرىسى — قۇياش

نامى بىلەن قەسەمىيات قىلىمەنكى، مەن سەندەك ئاچكۆز قانخورنى قان بىلەن سۇغۇرىمەن.»

كەيخىسراۋ ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قىلچە ئېتىۋار قىلماپتۇ. تۇمارىسنىڭ ئوغلى ياش سىپاركانىز شۇ كۈنى ئەتىسى ھوشىغا كېلىپ، ھەممە ۋەقەلەردىن خەۋەردار بوپتۇ. كىشەندىن بوشىتىشنى كەيخىسراۋدىن يالۋۇرۇپ سوراپتۇ. تەلىۋى بىجا كەلتۈرۈلۈپ، قول - ئايىغى كىشەندىن ئازات قىلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزى قىلغان خاتاسىغا پۇشايمان يەپ، نومۇس كۈچىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپتۇ.

تۇمارىس كەيخىسراۋغا نەسىھەتلەر كار قىلمىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بارلىق كۈچلىرىنى توپلاپ ئاتلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىپتۇ. جەڭ باشلىنىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كۆچمەنچى ئۇرۇغلار شۇنىڭغىچە مۇنداق قاتتىق جەڭنى زادى كۆرمىگەن ئىكەن. دەسلەپ ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى بىر بىرىگە ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل تۇرۇپ، يالىرىدىن تىنماي ئوق ياغدۇرۇپتۇ. كېيىن ئوقدانلاردا ئوق تامام بولۇپ ئەسكەرلەر بىر بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. نەيزىۋازلىق ۋە قىلىچۋازلىق تازا قىزىپتۇ. جەڭ ئىنتايىن ئۇزاق داۋام قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچكىم جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە ماساگىتلار يېڭىپ چى-

قىپتۇ. ئۇلار ئىران قوشۇنىنىڭ كۆپىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. بىر كەم ئوتتۇز يىل پادىشالىق تەختىدە دەۋر سۈرگەن كەيخىسراۋنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ.

تۇمارىس جەڭ توختىگەندىن كېيىن بىر يوغان قاچىنى قان بىلەن تولدۇرۇشنى، كەيخىسراۋنىڭ مۇردىسىنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تېپىپ كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. كەيخىسراۋنىڭ ئۆلۈكى تېپىپ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇمارىس ئۇنىڭ بېشىنى قان بىلەن تولغان قاچىغا پاتۇرغان ۋە بۇ جەسەتكە قاراپ غەزەپ - نەپرەت بىلەن شۇ سۆزلەرنى ئېيتقان ئىكەن: «ئەي، نامەرت! سەن مېنى، يەنى سېنى جەڭدە ھالال يېڭىپ چىققان بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىمدىن جۇدا قىلىپ، پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ. سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ. مەن ئىچكەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىراۋنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ جازاسى شۇ!»

كەيخىسراۋ ئۆلۈمىنىڭ قىسسىسى ئەنە شۇنداق ئىكەن.

## شىراق ئەپسانىسى①

قەدىمقى زامانلاردا سىردەريا بويلىرىدا كۆچۈپ
يۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى ساك قەبىلىلىرىنىڭ پاشا-
رىغا ئېغىر بىر كۈلپەت چۈشكەن ئىكەن. ئىران پادى-
شاسى دارا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى بېسى-
ۋېلىش ئۈچۈن، سان-ساناقسىز ئەسكەرلىرى بىلەن ئا-
مۇ دەريادىن ئۆتكەن ئىكەن. ساك ئاقساقاللىرىدىن سەكسى-
فەر، ئامەرگە، ئاۋىرسىن بىر ئوتاۋدا يىغىلىپ، دۈشى-
مەننى قانداق قىلىپ يوقىتىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆت-
كۈزمەكتە ئىكەن. شۇ ئاندا ئەتراپتا بىر ئادەم پەيدا
بولۇپ، توپ-توغرا ئاقساقاللار ئولتۇرغان ئوتاۋ ئال-
دىغا كەپتۇ ۋە رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. ئۇ
شىراق ناملىق ئاددى بىر ئات باقار چوپان ئىكەن.
شىراق نىمە مەقسەتتە بۇ يەرگە كەلگىنىنى كېڭەشچىلەر-
گە ئېيتىپ، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق
دەپتۇ: «شەرتسىز ھالدا مېنىڭ بالا-چاقىلىرىم ۋەنەۋ-
رىلىرىمنى بېقىش ۋە كېيىندۇرۇشنى ئۈستىڭىزگە ئالسى-
ڭىز، مەن ئۆز جېنىمدىن كېچىپ، ھىلە بىلەن ئىرانلىق-
لارنىڭ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلايمەن.»
ئاقساقاللار ئۇنىڭ ئىستىكىنى قوبۇل قىلىشىپ،

① بۇ ئەپسانە گىرېك تارىخچىسى پولىئېننىڭ «ھەربىي ھىيلىلەر» دېگەن كىتابىدا ھېكايە قىلىنغان. شۇ ھېكايىغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

قەسەمىيات قىپتۇ. شىراق بىردىنلا يېنىدىن ئۆتكۈر پىچىقىنى سۇغۇرۇپ، قۇلاق ۋە بۇرنىنى شارتلا كېسىپتۇ. ئەزايى - بەدىنىنى قىيما - چىيما قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا ئۆز ئېلىگە خىيانەت قىلغان كىشى قىياپىتىدە دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يول ساپتۇ.

دارا قېشىغا بېرىپ، شىراق ئۆز قەبىلىداشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. ئۇ داراغا شۇ تەخلىتتە سۆز قىپتۇ: «ئى شاھلار شاھىنشاھى، مەن سىزگە بولغان خەيرىخاھلىقىم ۋە دوستلۇقۇم ئۈچۈن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. داراۋۇش ھەزرەتلىرىگە بوي سۇنايلى، دىگەن سۆز چىقىشى بىلەنلا ئۇلار ماڭا چاپلىشىپ رەھىمسىز سۈرەتتە قۇلاق - بۇرنۇمنى كەستى. دادىمغا يېتىپ، ئۆچ ئېلىشىمغا ياردەم بېرىڭ!»

دارا شىراقنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىچىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شىراق پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەي، دارانىڭ ساكلاردىن ئۆچ ئېلىشقا تەييارلىقىنى بىلىپ، سۇنماس ئاتەش ۋە مۇقەددەس سۇ نامىدىن ئانت ئىچىپتۇ ۋە دەپتۇ: «مەن دۈشمەنلىرىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ياردىمىڭىزلەرگە مۇھتاجمەن. ئۇلارنىڭ قانلىرى كۆز ئالدىمدا دەريا - دەريا بولۇپ ئاقمىغۇچە تىنجىمايمەن. ساكلار شۇ بۈگۈن كېچىدىن باشلاپ ئوتلاۋلىرىنى بۇزۇپ، بالا - چاقىلىرى

بىلەن سىزلەر قوغلاپ يېتەلمەيدىغان ئۈزاق جايغا كۆ-
چۈپ كېتىشىڭگە جەزم قىلغان ئىدى. ئەگەر خالىسىڭىز،
مەن سىزلەرنى كېسىپ چىقىدىغان يول بىلەن ئۇلارنىڭ
ئالدىدىن ئېلىپ چىقىمەن. شۇندا بەگۋاش ساكلارنىڭ
يولىنى توسۇپ تۇرساق، ئۇلار كېلىشى بىلەنلا تورغا
چۈشكەن بېلىقتەك بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇۋالىمىز.
كەمىنە قۇلىڭىز پادىچىلىق قىلغىنىمدا يىلقىلارنى بېقىپ
يۈرۈپ ھەممە ياقنى ئىگىز-پەسلىرىگىچە بىلىۋالغان-
مەن. سىزنى خالىغان يېرىڭىزگە باشلاپ بېرىش بى-
مالال قولۇمدىن كېلىدۇ. بىراق، سىز يەتتە كۈنگە يېتى-
دىغان ئوزۇق-تۈلۈك ۋە سۇ تەييارلاپ قويۇشىڭىز
شەرت.»

چوپاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئاسانلا غەلىبە قىلىشنى
ئىزدىگەن دۈشمەننى غەيرەتكە كەلتۈرۈپتۇ. دارا بۇ چو-
پاننى ئۆز قوشۇنىغا يولباشلامچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.
قوشۇن يەتتە كۈنلۈك سۇ، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يەم-خە-
شەك ئېلىپ، ئاتلىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

بىرىنچى كۈن يول يامان بولماپتۇ، تېز-تېز
ئوتلاقلار ئۇچراپ تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى كۈن تەبىئەت ئۆز-
گىرىپتۇ. قاغجىرىغان ئوتلار ھەم ئاندا-ساندا يولۇقى-
دىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈن قۇرۇق دەشت-با-
ياۋان باشلىنىپتۇ. ساكلار ھامىسى بولغان ئوتتۇرا ئا-

سىيا قۇيۇشى كېلىۋاتقان باسقۇنچىلار بېشىدىن ئۆت ياغدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ لەۋلىرى تېز - تېز قۇرۇشقا باشلاپتۇ. كۈندىن - كۈنگە ئەھۋال ئېغىرلىشىپتۇ. ئىران لەشكەر باشچىسى رەناسىبەت تاقىتى تاق بولۇپ، ساكلار مەنزىلىگە قانچە قالغىنىنى شىراقتىن دوق بىلەن سوراپتۇ. ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن مەنزىلگە يېقىنلىشىپ قالغىنىنى ئېيتىپ، لەشكەر بېشىنى يۇمشىتىپتۇ. شىراق سەپەرنىڭ يەتتىنچى كۈنى ھەم ساكلاردىن دېرەك تاپ-ماپتۇ. رەناسىبەت ئالدانغىنىنى ئىشىنىپ، غەزەپكە كەپتۇ: «ۋەدەڭگە ۋاپا قىلمىدىڭ! زاتى پەس بەچچە! بىزنى ئالدىدىڭ. قېنى سەن ئېيتقان ساكلار؟! ھەممە ياق دەشت - سەھرا، بۇ يەرلەردە ئات يۈرسە ئايىغى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، بىزدە نە سۇ، نە ئوزۇق - تۈلۈك، نە يەم - خەشەك بار! بۇ مىستەك قىزىپ كەتكەن قۇملۇقتىن نە ئالدىڭغا بىر قەدەم بېسىپ بولمىدۇ، نە ئارقاڭغا قايتىپ بولمىدۇ! ئاخىر ئۇلۇغ پا-دىشانى ئالداشقا، شۇنچە بىھساپ ئېگىلمەس قوشۇننى ھالاكەت گىرداۋىغا ئېلىپ كېلىشكە سېنى نىمە مەجبۇر قىلدى؟» دەپ دىۋەيلەپتۇ.

شىراق لەشكەر بېشىنىڭ قان تولۇپ تۇرغان كۆ-زىگە مەغرۇرانە تىكىلىپتۇ. ئۇ چاۋاك ئۇرۇپ، قاقاقلاپ قاتتىق كۈلۈپتۇ: «مەن يەڭدىم، يالغۇز ئۆزەم پۈتۈن بىر

قوشۇننى يەڭدىم، — دەپ سۆيۈنۈپتۇ، — جانىجان قەبىلەم ساكلار ۋە ئانا تۇپرىقىم بېشىغا كەلگەن بالانى دەپنە قىلىپ، باسقۇنچى ئىران لەشكەرلىرىنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدىم. تۆت تامانىنىڭ ھەرقايسىسى يەتتە كۈنلۈك يول، ئىزدىگەن تەرىپىڭىزگە كېتىۋېرىڭ. بەربىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە تەشنالىق يەمرىپ نابۇت قىلىدۇ. مېنىڭ قېنىم ھەم ئاشۇ يەرلەرگە تۆكۈلىدۇ.» بۇ ئاچچىق ھەقىقەت رەناسەبەتنىڭ يۈرىكىگە نەيزىدەك قادىلىپتۇ. ئۇ ۋەھشىلىشىپ قېلىچ بىلەن شىراقنىڭ بېشىنى شارتىلا ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. ئەمما دارا لەشكەرلىرى ساكلارغا قارشى سەپىرىنى توختىتىپ، پاراكەندە بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

دىۋە يۈرەك چوپان شىراق قىسسىسى ئەنە شۇنداق ئىكەن.

## بۆكۈخان ئەپسانىسى ①

قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان توغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قۇيۇلىدىغان جايىدا «قۇملانچۇ» دىگەن يەر بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بۇنىڭ نامى فىستوقا ئىكەن. ئۇ قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئارچىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىرى ياۋا قارىغاي

① بۇ ئەپسانە دوسانىنىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىگەن كىتاۋىدىن ئېلىندى.

ئىكەن. كونىلەرنىڭ بىردە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخ-
نىڭ ئارىسىدا ئۈشتۈمتۈتلا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ
قاپتۇ. كۈن ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭ ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ.
دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقىچە شام يورۇپ تۇرىدىكەن،
ئۇيغۇرلار دۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدى-
كەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئا-
ۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەركېچە ئەھۋال شۇنداق
بولىدىكەن. شام بارغانسېرى چاقناپ، ئوت-تۇز قەدەم
ئارىلىقنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ ... دۆڭدىن ئۈش-
تۈمتۈت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئىچىدە خۇددى ئوتاۋغا
ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئۆي بولۇپ، ھەر بىر ئۆيگە
كۈمۈش سەگەنچۈكلەر ئېسىلغان، سەگەنچۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا
سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگە بار ئىكەن. قەبىلىلەرنىڭ ئاق-
ساقاللىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ
ئالدىغا كېلىشىپ، بوۋاقلارغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش-
كەن ئىكەن، بۇ بەش بوۋاق ئوغۇل ھاۋا بىلەن ئۇچ-
راشقان ھامان ھەرىكەتلىنىپ ئۆيدىن چىقىشىپتۇ. ئۇيغۇر-
لار ئۇنىڭغا ئانىلارنى تەيىنلەپ، بوۋاق بالىلارنى ئېمىت-
كۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ تىلى چىققاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-
ئانىلىرىنى سوراشتۇرغان ئىكەن، كىشىلەر ئىككى دەرەخ-
نى كۆرسىتىپتۇ. بەش ئوغۇل دەرەخقە چوقۇنۇشۇپتۇ.

دەرەخ ئادەمگە ئوخشاش تىلغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەخ-
لاق - پەزىلەتلىك بولۇپ ئۆسۈشى توغرىسىدا ۋەسىيەت
قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ياشىشىنى قۇتلىغان ئىكەن. شۇ
يەردىكى كىشىلەر شۇ بەش ئوغۇلغا خۇددى خانلارغا
ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇنۇپتۇ. بەش ئوغۇلنىڭ
ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ
ئىسمى قوتۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى بۇقا تېكىن، تۆتىن-
چىسىنىڭ ئىسمى ئور تېكىن، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى بۆكۈ
تېكىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ ئوغۇللارنى تەڭرى ئاتا
قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خاقان
قىلىشقا قارار قىلىشىپتۇ. بۆكۈ تېكىن ھەم چىرايلىق، ھەم
ئەقىللىق، ھەم تالانتلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ
تىللىرىنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بۆكۈتېكىن-
نى خاقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ئىكەن.
مانا شۇ بۆكۈ تېكىن خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن
كېيىن، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغان، ئاھالىسى كۆپەي-
گەن. تەڭرى بۆكۈخانغا ئۈچ قۇش ئىنئام قىلغان ئىكەن.
بۇ قۇشلار نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىنى مۇكەممەل
بىلىدىكەن. بۆكۈخاقان مانا شۇ قۇشلارنى ھەردائىم
دۇنيانىڭ تۆت تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، ئالەمدىكى
ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كونىلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى بۆكۈخان چېدىرى ئى-

چىدە ياتقاندا، بىر ئىلاھى جاننى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىلاھى جان ياش قىز قىياپىتىدە ئايان بوپتۇ. خاقان قورقۇپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، گەپ قىلىشقا پېتىنالـماپتۇ. ئىككىنچى كېچىمۇ يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كېچىسى بۆكۈخان بۇ ئەھۋالنى باش ۋەزىرگە ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى پەرى قىزغا ئەگىشىپ، «قۇت تاغ» دىگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. تاڭ ئاتـقىچە قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەركېچە شۇنداق سۆھبەت داۋاملىشىپ، ئومۇمەن يەتتە يىل ئالتە ئاي يىگىرمە ئىككى كۈن ئۆتۈپ، پەرى قىز بىلەن ۋىدالىشىدىغان چاغدا قىز مۇنداق دەپتۇ: «كۈنچىقىشـتىن كۈنپېتىشقىچە پۈتۈن جاھان ساڭا بويسۇندۇ. سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ، ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلغىن.» بۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەرى قىز غايىپ بوپتۇ. بۆكۈخاقان قوشۇن توپلاپ، چوڭ ئاكىسى شۇڭقار تېكىنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئۈچيۈزمىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ، ئىككىنچى ئاكىسى قوتۇر تېكىننى يۈزمىڭ قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئۈستىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقا تېكىننى ئۆز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. يۈرۈشكە ماڭـغان قوشۇنلار نۇرغۇن ئەلنى بويسۇندۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسىرلەرنى ئېلىپ ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ

كەپتۇ، شۇ يەردە «ئوردوبالىق» ئاتالىق بىر شەھەر بىنا قىپتۇ. شۇ چاغدا كۆنچە قىش تەرەپتىكى بارلىق ئەللەرنى پۇتۇنلەي ئۆزىگە ئەل قىلىپ بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۆكۈخان بىر كېچىسى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاق چاپان كىيگەن، ئاق ھاسا تۇتقان بىر ئەركىشى كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ بىر دەستە گۈلنى بۆكۈخاقانغا بېرىپ: «سەن مۇشۇ گۈللەرنى مەڭگۈ ساقلىساڭ ھەممە تەرەپ ساڭا باش ئېگىدۇ» دەپتۇ. بۆكۈخاقاننىڭ بەش ۋەزىرىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بۆكۈخاقان ھەربى ھازىرلىققا كىرىشىپ، كۈنپېتىش تەرەپكە قوشۇن ماڭدۇرۇپتۇ. قوشۇنلار تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندە، تۈزلەڭ، بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بىر يەرنى كۆرۈپتۇ. قوشۇنلار بۆلۈنۈپ جايلارغا بېرىپتۇ. ئۇن ئىككى يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ ... نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى بۆكۈخاقان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار بۆكۈخاقانغا سوغىلار تەقدىم قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پەقەت ھىندىستاننىڭ خانىنى قوبۇل قىلماپتۇ. باشقا خانلارنى ئىنتائەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بۆكۈخاقان، بالاساغۇندىن ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ.

## «كۆچ» ئەپسانىسى ①

ئارىدىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى ئۇيغۇر خانلىق تەختىگە يېڭى بىر ھۆكۈمدار ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ھۆكۈمدار چىنلار بىلەن بولغان داۋاملىق ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئوغلى گالى تېكىنگە جىنلەن ناملىق چىن خانىكەسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپتۇ. بۇ خانىكە ئۆزىنىڭ سارىيىنى خاتۇن تېغىدا قۇرۇپتۇ. ئۇ ئەتراپتا تەڭرى تاغ ناملىق باشقا بىر تاغ ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدا قۇتلۇق تاغ ناملىق يارلىق بار ئىكەن. چىن ئەلچىلىرى خانىكەنى ئېلىپ، مەھرەملەر بىلەن بىرگە كېلىشىپتۇ، ھەمدە ئۇلار بۇ خانىكەنىڭ بەدىلىگە خاتۇن تېغىنىڭ سائادىتى بولغان بۇ يارلىق مۇقەددەس تاشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. يېڭى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە بىر پۈتۈنلۈگىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ تىلسىملىق مۇقەددەس يارلىق تاشنى بېرىپتۇ. بۇ تاش ئاسانلىقچە كۆتەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوڭ ئىكەن. ئۇنى يۆتكەش ئۈچۈن چىنلىقلار بۇ يارلىقنىڭ ئەتراپىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىپتۇ، تاشنى ئوبدان قىزىتقاندىن كېيىن، ئۈستىگە ئۆتكۈر سىركە چېچىپتۇ،

① بۇ ئەپسانە ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

پارچىلانغان تاشلارنى ھارۋىغا سېلىپ چەنغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

بۇ ۋەقە ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىپتۇ. ئۇيغۇر ئېلىدىكى پۈتۈن ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلار ئۆز تىللىرى بىلەن بۇ يارلىقنىڭ قولدىن كېتىشىگە ماتەم تۇتۇپ يىغلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن يەتتە كۈن كېيىن تېكىن ئۆلۈپتۇ. ئۇيغۇر ئېلىنى پالاكەت بېسىپتۇ، خەلقى راھەت، ھوزۇر، بەركەت يۈزى كۆرمەپتۇ. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرى بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دېگۈدەك ئۆلۈپتۇ.

ئاقىۋەت بۆكۈ قاغاننىڭ بالىلىرىدىن بىرى ھۆكۈمدار بوپتۇ. ئۇنىڭ زامانىدا ئۇيغۇر ئېلىدە پۈتۈن ھايۋاناتلارنىڭ، پۈتۈن قۇشلارنىڭ، ھەتتا پۈتۈن بوۋاقلارنىڭ ھاياجان بىلەن «كۆچ! كۆچ!» دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇيغۇرلار تەگىرىدىن كەلگەن بۇ ئىشارەت بىلەن يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار قەيەردىلا تۇرايلى دېسە، شۇ جايدىن «كۆچۈڭلار!» دېگەن ئەيىنى ئىلاھى ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق كۆچۈپ، كېيىن بەشبالىق ئېلىگە كەلگەندە «كۆچ!» دېگەن ئاۋاز توختاپتۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە ماكانلىشىپتۇ. بەشبالىق شەھىرىنى ئاۋات قىلىپ، كۈچلۈك بىر ئۇيغۇر دۆلىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپتۇ.

## «توپاتار غوجام» ھەققىدىكى ئەپسانە①

بۇرۇنقى زاماندا داۋانچىڭدىن تەخمىنەن ئاتمىش چول يەردە ئالتە دۆڭلۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا دۆگىلەك تاشلار دۆۋىلەنگەن ئىكەن. ئۇ دۆڭلۈككە بېغدا — ئۇلا شەھىرىدە غەيرى دىندىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ھالاك بولغان «توپاتار غوجام» نىڭ جەسەدى دەپنە قىلىنغان بولۇپ، دۆۋىلەنگەن تاشلار بولسا توپاتار غوجامنىڭ دۈشمەنلەرگە قارىتىپ ئاتقان تاشلىرى ئىكەن. توپاتارغوجام ئاخىرقى نەپەسىدە بۇ شەھەرنى قاغاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر يەردىن غايىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۈيى تۇزلۇق ئايدىڭكۆل پەيدا بولغان ئىكەن، شۇڭلاشقا ئەتىيازنىڭ بەزى كېچىلىرى ئاشۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدىن ئادەملەرنىڭ مۇڭزارى ۋە مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىنارمىش.

## «بۈبى رابىيە مازىرى» ئەپسانىسى②

بۈبى رابىيە بولسا ھەزرىتى مۇللام (مەھمۇت قەشقەرى) نىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا خانە كەئبىگە ھەج قىلىمەن دەپ پىيادە يولغا چىقىپتۇ.

---

① بۇ ئەپسانە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

② بۇ ئەپسانە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1983 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.

خانە كەئبىگە ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا بۇۋى رابىيە-
نىڭ بۇ ھىممىتى خۇداغا مەقبۇل بولۇپ، خانە
كەئبىگە «سەن ئالدىغا بار» دەپ ئەمر قىپتۇ. خۇدانىڭ
ئەمرى بىلەن خانە كەئبە ئۆز جايىدىن تام - تورۇس-
لىرى بىلەن ھاۋاغا كۆتىرىلىپ، بۇۋى رابىيەنىڭ
ئالدىغا بېرىپ ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
بۇۋى رابىيەنىڭ تىلىگى ئىجاۋەت بولۇپ، يۇرتىغا
بۇۋىلىك نامى بىلەن قايتىپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات
بولۇپ شۇ ئورنىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. بۇ يۇرتتا شۇكۇر
باي دىگەن بىر چارۋىدار ئادەم بار ئىكەن، بىر
كۈنى ماللىرىنى باقماي ھەيدەپ ماڭسا بۇۋى رابى-
يەنىڭ مازىرى ئالدىغا كەلگەندە، مال قەۋرىنى ئارى-
لىماي، بىر تېگى ئۇيان، بىر تېگى بۇيان بولۇپ
ئىككى بۆلەك ئايرىلىپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى يەنە شۇنداق
بوپتۇ. ئاندىن «ھە، بۇ ئۇلۇغ مازار ئىكەن، بىر تىل-
سىز ھايۋان چېغىدا بۇ مازارغا ھۆرمەت قىلىپ ئۇنى
ئارىلاپ ئۆتمىدى» دەپ، شۇكۇر باي بۇ مازارنىڭ
ئۈستىنى يېپىپ، ئەتراپىغا تام ياساپتۇ، شۇندىن باشلاپ،
«بۇۋى رابىيە مازىرى» نىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ھەر
قانداق ئادەم، ئۇلاغلىق بولسا مازارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە
ئات-ئۇلاقلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئۆتىدىغان
بوپتۇ. بۇ مازارنىڭ خاسىيىتىدىن بۇ يۇرت خەلقى
تۇمشۇقلۇق چوقۇماي، قاناتلىق قاقماي ئەمىن ئۆتكەن ئىكەن.

## سەنەمجاننىڭ غېرىپنى ئىزلىشى ①

سەنەمنىڭ ئاتىسى شاھى ئابباسخاننىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن. غېرىپ يۇرتى دىيارى بەكرىنى تاشلاپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى بۇغراخاننىڭ پايتەختىگە بېرىپ قاپتۇ ۋە بۇغراخاننىڭ غەمخورلۇغىغا ئېرىشىپتۇ. غېرىپنىڭ ئىشقى - پىراقىدا كۆيۈپ، مۇھەببەت دىشۋارچىلىقىدا ئازاپ چەككەن سەنەم، سۆيگەن ۋاپادارىنى ئىزلەپ پۈتۈن جاھاننى كېزىپ، «ئوردۇ كەنت» كە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، مۇھەببەت يولىدا دادىسىدىن تارتقان ئازاپ - كۈلپەتلەرنى بايان قىلىپ ئەرز ئېيتىپتۇ، بۇغراخان بۇ ساداقەتمەن ئاشىق - مەشۇقلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، سەنەمجانغا غېرىپنى تېپىپ بېرىپتۇ ھەمدە خانلىق سەلتەنىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى شاھى ئابباسخانغا «نامە» يېزىپ، غېرىپ ۋە سەنەمگە زۇلۇم سالماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

---

① داستانچى روزى مەھەممەت خاتىرىلىگەن «غېرىپ - سەنەم» داستانىغا ئاساسەن رەتلەندى.

## يەركەن مەلىكىسى توغرىسىدىكى
## ئەپسانە ①

«زوبدەتىل ئەخبار» ② دا مۇنداق دېيىلگەن: ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى يەركەن تەۋەسىگە كىرگەندە، چارلىغۇچىلار يەركەن خانلىقىغا مەلۇم قىلىدۇ. خان سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ قىلىچ بىلەن قوراللانغانلىقىنى، مىڭدىن - مىڭدىن بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئۇقىدۇ. خان ئۆزىنىڭ قىزىنى نەيزە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، نەيزە بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باش قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىغا چىقارتىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ، بىردىن پالۋان ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر - بىرىنى ئۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. يەركەن مەلىكىسى شۇنداق دەيدۇ: «سەن شۇنچە يىراق يەردىن بىزگە باستۇرۇپ كەپسەن، شۇڭا ئاۋال سەن ئات!» ئىسكەندەرنىڭ پالۋىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئوق ئۈزۈپ تەككۈزەلمەپتۇ. ئارقىدىن نۆۋەت يەركەن مەلىكىسىگە كەلگەندە ئۇ بىر تال ئوق ئۈزۈپ، ئىسكەندەر پالۋاننىڭ چېكىسىنى تېشىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ

① بۇ ئەپسانە «يەركەن ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1982- يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.

② «زوبدەتىل ئەخبار» («خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى») 19- ئەسىردە ياشىغان كەشمىرلىك ئۇلۇغ ئالىم مەۋلانا ئەبۇ مۇھەممەت ھەسەن يازغان ئەسەر.

بالەن يەركەن خانىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىسكەندەر ئەس-
كەرلىرىنى مىڭدىن - مىڭدىن يوقىتىپتۇ. قان دەريا
بولۇپ ئېقىپتۇ.

ئىسكەندەر نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالمىش جەريا-
نىدا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى
ئولجا ئالغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قورال-
ياراق دەستىلىرى، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ توگمىلىرى،
زىننەت بۇيۇملىرى ئالتۇندىن قىلىنغان بولۇپ، بۇ
قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قان ئىچىدە قال-
غان ئىكەن. شۇڭا بۇ تارىختا «ئالتۇن قان دېڭىز»
دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن.

# 5. ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

## قالغاچ ①

كېمە ئىچىدە ئىككى نەرسە يوق ئىكەن، بىرى چاشقان، بىرى قوڭغۇزخان. لېكىن كېمە ياغىچى ئارىسىدا چاشقان پەيدا بوپتۇ، كېمىنى تېشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىگە سۇ چىقىپ كېتىپتۇ. خالايىقلارغا غەرق بولماق خەۋپى ئايان بوپتۇ. سۇ ئىچىگە نەچچە كىشى شۇڭغۇپ كېمىنىڭ تۆشۈكىنى تاپالماپتۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام: «قايسى جانىۋار بۇ تۆشۈكنى تاپسا ئۇنىڭ ھەر قانداق تەلىۋىنى مەن بىجا كەلتۈرەي» دەپتۇ. يىلان: «مەن ئۇ تۆشۈكنى تاپاي» دەپتۇ. «نېمە تەلەپ قىلىسەن؟» دەپتۇ نوھ، «ماڭا تاتلىق ئەت (گۆش) كېرەك» دەپتۇ يىلان. نوھ قوبۇل قىپتۇ. يىلان سۇغا كىرىپ تۆشۈكنى تېپىپتۇ. كولچا (ھالقىدەك يۆگىلىپ) بولۇپ يېتىپتۇ، سۇنى كىرگىلى قويماپتۇ.

① بۇ ئەپسانە ئەسىرىدىن بۇرھانىددىن ئوغلى رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

كېمىگە كىرگەن سۇنى تۆكۈپ چىقىرىپتۇ. يىلان تۇسۇپ تۇرغان تۆشۈكنى موم بىلەن بېكىتىپتۇ. كېيىن سۇ سىڭىپ تۇپان بالاسى يوقالغاندىن كېيىن يىلان كەپتۇ: «ۋەدە بويىچە كەلدىم» دەپتۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام پاشىغا: «يەر يۈزىگە بارغىن. نىمىنىڭ ئېتى (گۆشى) تاتلىق بولسا، خەۋەر قىل، يىلانغا بېرەيلى» دەپتۇ.

پاشا كېتىپتۇ، كەچ قاپتۇ. يىلان يەنە سۈرۈشتە قىپتۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام شەرمەندە بولۇپ قالغاچقا: «بارغىن، پاشىنى تېپىپ كەلگەيسەن» دەپتۇ.

قالغاچ بېرىپ پاشىنى تېپىپتۇ ۋە: «نىمە ئۈچۈن كەچ قالدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. «يەر يۈزىنى ئايلىنىپ بولغۇچە كەچ قالدىم» دەپتۇ پاشا. قالغاچ: «تاتلىق ئەتنى تاپتىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «تاپتىم، ئادەمنىڭ ئېتىدىن تاتلىقراق ئەت كۆرمىدىم» دەپتۇ پاشا. قالغاچ: «ئۇ ئەتنىڭ تەمى ھېلىمۇ ئاغزىڭدا! باردۇر. مەن ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرەيچۇ» — دەپتۇ. پاشا ئاغزىنى ئېچىپتۇ، قالغاچ تۇمشۇغى بىلەن بىر چوقۇپتۇ، پاشىنىڭ تىلى ئۈزۈلۈپتۇ، ئىككىسى تالىشىپ نوھقا كەپتۇ. نوھ پاشىدىن خەۋەر سوراپتۇ. پاشا قاتتىق - قاتتىق گىڭشىپتۇ.

قالىغاچتىن سوراپتۇ: «بۇ نىمىشقا سۆزلىمەيدۇ؟»
قالىغاچ: «بۇ ماڭا يولدا خەۋەر بەردى. كەچ قالغىنىمغا سىزدىن خىجىل بولۇپ سۆزلىمەيۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا: يولدا جىمىكى جانىۋارلارنىڭ ئېتىنى تېتىپ كۆردۈم، قۇر پاقا ئېتىدىن تاتلىقراق ئەت كۆرمىدىم دىدى» دەپتۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام پاقىنىڭ ئېتىنى يىلانغا تەيىن قىپتۇ. قىيامەتكىچە يىلاننىڭ رىسقى پاقىنىڭ ئېتى بوپتۇ. شۇ كۈنى قالىغاچ ئۇ ياخشىلىغىنى قىلمىغان بولسا ئىدى. ئادەمزات ئوغلانلىرى يىلاننىڭ رىسقى بولار ئىكەن.

شۇندىن باشلاپ ئادەمزات قالىغاچنى ئۇلۇغلايدىغان بولغان ئىكەن.

## توپان بالاسى ھەققىدىكى ئەپسانە ①

ئاللا ئىنسانلارنىڭ گۇنالىق ئىشلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىنى توپان بالاسى بىلەن ۋەيران قىلماقچى بولغاندا، نوھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياساپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شۇ كېمىگە چىقىۋېلىش ۋە ھەر جىنىستىكى ھايۋاناتلاردىن بىرجۈپتىن ئېلىۋېلىش توغرىسىدا

① بۇ ئەپسانە ملللەتلەر دەشرىياتى نەشر قىلغان «تارىخىي مۇسقەيۇن» دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

بۇيرۇق بېرىدۇ. نەتىجىدە، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھاياتلىق توپان سۈيىدە ھالاك بولۇپ، پەقەت نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى بىلەن كېمىگە چىقىرىۋېلىنغان جان - جانىۋارلارلا ئامان قاپتۇ. بىر يۈز ئەللىك كۈنلۈك توپان بالاسىدىن كېيىن، نوھ بىر كەپتەرنى قويۇپ بېرىپتۇ. كەپتەر بىر تال يېڭى زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ قايتىپ كەپتۇ. نوھ توپان بالاسى ئاخىرلىشىپ، جاھان تېچلانغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ئارارات تېغىدا قىرغاققا چىقىپتۇ. يەر يۈزىدە ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتلىق باشلىنىپتۇ.

## مۆچەل ھەققىدىكى ئەپسانە ①

تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان ئىكەن. بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالىشىپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا

① بۇ ئەپسانە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېساۋى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېساپلانسۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن» دەپتۇ. خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللاپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئۇۋغا چىقىپتۇ ۋە ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا ئىكەن، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدەپتۇ. بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىپتۇ. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلۇپتۇ. سۇدىن ئەڭ ئاۋال چاشقان ئۆتۈپتۇ. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «چاشقان يىلى» دېيىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قاپتۇ: ئۇي يىلى (كالا يىلى)، بارىس يىلى (يولۋاس يىلى)، توشقان يىلى، لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى)، يىلان يىلى، ئات يىلى، قوي يىلى، مايمۇن يىلى، توخۇ يىلى، ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى.

توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېساپ يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدىكەن.

تۇركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەر بىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىپتۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كالا يىلى كىرگەندە ئۇرۇش كۆپىيىدىكەن. چۈنكى كالا بىر - بىرى بىلەن كۆپ ئۈسۈشىدىغان ھايۋان. توخۇ يىلى كىرسە ئوزۇق - تۈلۈك كۆپىيىدىكەن، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدىكەن، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى تېپىش ئۈچۈن ئەخلەت - چاۋالارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدىكەن، لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن ھۆل - يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدىكەن، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ. تۆڭگۈز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدىكەن، سوغاق قاتتىق بولىدىكەن، پىتنە - پاسات كۆپىيىدىكەن ۋاھاكازا ...

## «تاۋۇز يىگەن دۆلەت» ① ئەپسانىسى

كونىلەرنىڭ بىرىدە بىر ئوۋچى دۆڭلۈكلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، يىراقتىن دۆپ - دۈگىلەك قارامتۇل بىر نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «بۇ قانداق ھايۋاندۇر؟» دەپ ئويلاپ، ئۇنى نىشانلاپ تۇرۇپ ئوق ئېتىپتۇ، ئوق ئۇنىڭغا تەككەندىن كېيىن ئېھتىيات

① تاۋۇز يىگەن دۆلەت —— لوپنۇر ناھىيەسىدىكى بىر يۇرتنىڭ ئىسمى. بۇ ئەپسانىنى لوپنۇر ناھىيەسىدىن خەلق قوشاقچىسى ساتتار ئاكا ئېيتىپ بەرگەن.

بىلەن يېنىغا كەلسە، بۇ دۆگىلەك نەرسىنىڭ ئىچىدىن قىپ - قىزىل قان ئېقىۋاتقۇدەك، ئۇۋچى ھەيران بولۇپ بۇ ئاجايىپ «مەخلۇق» نى خەنجىرى بىلەن ئىككىگە بۆلۈۋېتىپتۇ. قىپ - قىزىل گۆشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەمىنى بىلمەك ئۈچۈن بىر چىشلەم ئۈزۈپ، ئاغزىغا ساپتۇ. ئەپھاناس! تېتىپ كۆرگۈدەك بولسا شۇنداق شېرىن تەملىك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تويغۇچە يەپ، يولىغا راۋان بوپتۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى بۇ يەر تەبىئى تاۋۇزلۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، شۇندىن كېيىن بۇ دۆڭ-لۈك ئەتراپىغا كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ۋە بۇ جاينىڭ نامىنى «تاۋۇز يېگەن دۆڭ» دەپ ئاتاپتۇ.

## قوغۇن ھەققىدىكى ئەپسانە ①

قوغۇن ئەسلىدە ئاسماندىكى بېھىشتىن چۈشكەنىمىش، شۇنىڭ بىرىنى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋالغان ئىكەن. شۇ پەيتتە قوغۇننىڭ شاپىغىغا پەيغەمبەرنىڭ ئون بارمىقىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغانمىش، شۇندىن باشلاپ قوغۇننىڭ شاپىقى تالا - تالا بولۇپ قالغانمىش.

---

① بۇ ئەپسانە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

# ئىلى تورغىيى ئەپسانىسى ①

كۇسەن ئىلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يۇلتۇز دىگەن جايدا ھونلارنىڭ زابىندىر قەبىلىسى ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان چاغلاردا، كۇسەن بىلەن زابىندىرلىقلار تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق بېرىش - كېلىش ۋە قۇدا - باجىلىق قىلىشىدىكەن. ھەر ئىككى ئەلنىڭ خەلقلىرى سەنئەتكە ماھىر بولۇپ، ئۆز ئارا پات - پاتلا مۇزىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ئۆز - ئارا تويلاشقاندا مەلىكىلەر ۋە كېنىزەكلەرگە قوشۇپ مال - بىسات، چارۋىلارنى ماڭغۇزۇشتىن باشقا يەنە نەچچە، يۈز قەپەزدە بېقىلغان يېقىملىق ئاۋازلىق ئىلى تورغايلىرىنىمۇ بىرگە سوغا قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئىلى تەرەپتىكى تورغايلار تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق كۇسەنگە كەلتۈرۈلگەن نەچچە مىڭ تۇياق ماللارغا قوشۇلۇپ بۇياققا ئۆتكەن ئىكەن. ئىلى تورغىيى شۇندىن باشلاپ سايرام، كۇچا ۋادىلىرىغا تارقىلىپتىمىش.

① بۇ ئەپسانە ئابدۇللا تالىپنىڭ «قايىنام ئۆركىشى» ناملىق رومانىدىن ئېلىندى.

# بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل ①

خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا ئۆز ئۈممەتلىرىنىڭ قۇلىقىغا نەغمە - ناۋا ئاڭلاتمىش ئۈچۈن جەننەتكە كىرگەن بىر ساداقەتمەن ناخشىچىنى قۇش سۈرىتىدە ئالەمگە قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەتتىن چىققان خۇش پۇراقلىق بىر گۈلنى ئۇنىڭ ئاشقى قىلىپ قوشۇپ بېرىپتۇ. قۇشنىڭ نامى بۇلبۇل بولۇپ، گۈلنىڭ نامى «قىزىلگۈل» ئىكەن. شۇندىن باشلاپ بۇلبۇل ئاشقى قىزىلگۈل ئىشقىدا كېچە - كۈندۈز مۇڭلۇق سايراپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. بىراق سەھەر ۋاقتىغا كەلگەندە بۇلبۇل بىھوشلىنىپ ئۇخلاپ قالىدىكەن. «بۇلبۇل ئۇيقۇسى» تاماملانغۇچە، قىزىلگۈل چېھرى ئېچىپ ئالەمگە خۇش پۇراق تارقىتىپ بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇلبۇلغا قىزىلگۈلنىڭ چېھرى ئاچقان پەيتىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغاچقا، جۇدالىق زارى بۇلبۇلنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە تىنماي سايرىتىپ كەپتۇ. كىشىلەر شۇ سەۋەپتىن «بۇلبۇل — جەننەت قۇشى»، «قىزىلگۈل دېگەن بېھىشتىن چىققان نەرسە» دېيىشىپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايدىكەن.

① بۇ ئەپسانە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

## ھۆپۈپ نېمە ئۈچۈن سايرايدۇ؟①

ھۆپۈپ ئەسلىدە پۈتۈن ئالەمگە پادىشا بولغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ۋەزىر بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ تاجىسى ئاشۇ ۋەزىرلىك مەنسىۋىنىڭ يالدامىسى ئىكەن. ئۇ شۇندىن بۇيان باشقا قۇشلارغا قېتىلماي ئايرىم يۈرىدىكەن. كېچىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن يەكلەنگەن قارىياغاچنىڭ خىلۋەت كاۋاكلىرىدىن كىرىۋېلىپ دۇرۇت ئوقۇيدىكەن. ئۇ، داۋاملىق خۇدانى يادلاپ «ھۆپۈپۈپ! ھۆپۈپۈپ!...» دەپ زىكرى سوقىدىكەن. «ھۆپ-ۈپ-ۈپ» دېگىنى ئۇنىڭ تىلىدا «ئاللا، ئاللا» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن.

## ئات نېمە ئۈچۈن ياتمايدۇ؟②

بۇرۇنقى زاماندا مايمۇن بىلەن تۈلكە ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. تۈلكە دائىم مايمۇنغا يالغان سۆزلەپ ھىلىگەرلىك قىلىدىكەن. تۈلكىنىڭ ھىلىگەر، قۇۋ ھەم يالغانچى ئىكەنلىگىنى سەزگەن مايمۇننىڭ ئاچچىغى كېلىپ، ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى مايمۇن تاغ باغرىدا ياتقان بىر ئاتنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ پۇرسىتى ئەمدى كەلدى

① يۇقىرىقى كىتاپتىن ئېلىندى.

② بۇ ئەپسانە خەلق ئاغزىدىن توپلانغان.

دەپ ئويلاپ، دەرھال تۈلكىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا.

«تۈلكە ئاكا گۆش يەمسەن؟» دەپتۇ. «يەمەمدىغان مايمۇنجان ئۇكا، بۈگۈن گۆش تاپالماي ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم. چاققان بول گۆش بار يەرگە مېنى باشلاپ بار» — دەپتۇ تۈلكە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ. «ئۇنداق بولسا ئاۋۇ تاغ باغرىدا بىر ئات ئۇخلاۋاتىدۇ، مەن سېنى باشلاپ باراي، سېنىڭ قولۇڭدىن خېلى ئىشلار كېلىدۇ. سەن تۈيدۈرمەي ئاتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزەڭنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ، ئاندىن گۆشىنى يە» دەپتۇ.

قوسىقى تازا ئاچقان تۈلكە مايمۇننىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ، ئەمدى يەي دېيىشىگە ئات بۇنى سېزىپ قېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھالىگەر تۈلكە تاغۇ - تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. شۇندىن باشلاپ، ئات ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بوپتۇ.

## قاغا نېمە ئۈچۈن قارا؟ ①

بۇرۇن قاغا ھازىرقىدەك قارا ئەمەس، تولىمۇ گۈزەل بىر قۇش ئىكەن. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى رەڭگارەڭ پەيلەر قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەل ۋە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنىدىكەن.

بىر كۈنى تۇز، بۇلبۇل، شاتۇتى ۋە سېغىزخانلارنىڭ قاغىنىڭ چىرايلىقلىغىغا مەسلىگى كېلىپ ئۇنى ماختاپتۇ: «ئاداش، سېنىڭ پەيلىرىڭ بەك چىرايلىق جۇمۇ، ھەممە قۇشلار ساڭا زوقلىنىپ قارىشىدۇ.»

قاغا بۇ گەپنى ئاڭلاپ گىدىيىپ تۇرۇپ: «نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ پەيلىرىڭلار مۇنچىۋالا سەت؟ نېرى تۇرۇڭلار، نېرى، مەن ئۇچىمەن، بولمىسا سىلەر مېنىڭ پەيلىرىمنى پاسكىنا قىلىۋېتىسىلەر» دەپتۇ-دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ مۇنداق ناخشا ئېيتىپتۇ:

قۇشلار گۈزەل، قۇشلار گۈزەل،
ئورماندا يالغۇز مەنلا گۈزەل.

بىر كۈنى ئورمانلىقتا لاۋۇلداپ گۈلخان يېنىپتۇ. قۇياش نۇرى ئوت ئۈستىگە چۈشۈپ قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل، سۆسۈن رەڭنى پەيدا قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاغا بېشىنى كۆتىرىپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا: «سەن

① يۇقۇرقى ئىزاھاتقا ئوخشاش.

قايسى قۇش؟ مەن بىلەن گۈزەللىك تالاشماقچى بولۇۋاتامسەن؟!» دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئۇتتىن زۇۋان چىقماپتۇ. قاغا دەرغەزەپ بولۇپ ئۇتقا قاراپ ئېتىلىپتۇ ۋە بىراقلا گۈلخان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوت تۇتىشىپ پەيلىرى ۋە بەدىنى كۆيۈپ كېتىپتۇ. قاغا بۇنىڭغا چىدىماي، «قاق - قاق ...» دەپ ۋاقىرىغىنىچە بەدىنىدىكى ئوتنى ئۆچۈرمەك بولۇپ يەرگە دومىلاپتۇ. گۈزەل پەيلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەپ، قاپ - قارا بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن باشلاپ قاغىنىڭ پەيلىرى قارا بولۇپ قالغان ئىكەن.

## پاختەك توغرىسىدا ئەپسانە ①

پاختەك بۇرۇنقى زاماندا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىنى ئىكەن. پاختەكنىڭ ئەسلى ئىسمى پەختىخان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى خىزىر ھەممە بالىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، ھەمداستىخان بوپتۇ ۋە ئۆز ئارا ھال - مۇڭ بولۇشۇپتۇ. تاماق تەييار بوپتۇ. پەختىخان قولغا سۇ ئالماق بولۇپ، ئىشۇرىقنى ئېلىپ، مۇرىسىدە لۆڭگە ئارتىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن خىزىرنىڭ

① يۇقۇرقى ئىزاھاتقا ئوخشاش.

قولىغا سۇ قۇيۇپتۇ. سۇ قايناق بولغاچقا خىزىرنىڭ قولى كۆيۈپ قاپتۇ، خىزىر ۋاقىراپ تاشلاپتۇ ۋە دەرغەزەپ بولۇپ: «ئىلاھىم پاختەك بولۇپ كەتكەيسەن!» دەپ قاغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەختىخان پاختەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ھۆردىسىدىكى لۆڭگىمۇ شۇ پېتى قالغان ئىكەن. پاختەكنىڭ بويىنىدىكى ئاق بەلدەم ئەنە شۇ چاغدا قالغان لۆڭگە ئىكەن.

## سامساق ھەققىدە ①

بۇرۇن بىر ئايال بولغان ئىكەن. ئۇ ئايالنىڭ بىر بالىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئايال ئاش ئەتمەكچى بولۇپ، كۆكتاتلىقتىن كۆكتات ئەكىرىپتۇ. كۆكتاتلارنى ئاقلاۋېتىپ ئۇنىڭ ئارىسىدا بىر خىل ياۋا ئۆتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاشقا سالماقچى بولۇپ ئاقلاپتۇ. ئۇنى ئايالنىڭ بالىسى كۆرۈپ: «ئاپا بۇ نىمە؟ ئاچچىقمۇ ياكى تاتلىقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاپ بېرىدىپتۇ ئاپىسى. بالا بۇ ئۆتنىڭ ئاچچىق ياكى تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ئازراق يەپ بېقىپتۇ ۋە بالىلارچە تىل بىلەن «ئاپا بۇ نەرسىنى ئاشقا سامساق بولمۇدەك، ئاچچىق ئىكەن» دەپتۇ. «ئاچچىق بولسا ھەيلى بالام» - دەپتۇ ئاپىسى. «سامساق، جېنىم ئاپا، ئاشقا

① يۇقىرىقى ئىزاھاتقا ئوخشاش

ساممساق» دەپ ئەكىلىپ يالۋۇرۇپتۇ بالا.

شۇندىن باشلاپ بۇ كۆكناتنىڭ ئىسمى ساممساق بولۇپ قاپتۇ. ئەسلى بۇ ئىسىم «ساممساق» سۆزىنىڭ بالىلارغا خاس بۇزۇپ ئېيتىلىشىدىن پەيدا بولغان ئىكەن.

## بېھىنىڭ نېمە ئۈچۈن سۈيى يوق؟ ①

بۇرۇن خۇدايتائالا بېھىشتىكى مېۋىلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقچى بولۇپ سەيلىگە چىقىپتۇ. بارلىق مېۋىلەر خۇدايتائالاغا باش ئېگىپ، ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ. لېكىن بېھى ھېچقانداق ھۆرمەت بىلدۈرمەي غادىيىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن خۇدا بېھىنى چىشلىگىنىدا ئېلىپ قاتتىق سىققان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۈيى چىقىپ كېتىپتۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن بېھىنىڭ سۈيى يوقمىش، بېھىنىڭ پوستىدىكى بەش بارماقنىڭ ئىزى مانا شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

## يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق؟ ②

بۇرۇن يىلاننىڭ پۇتى تېشىدا ئىكەن. ئۇ جەننەتكە سۇ كىرىدىغان سۈڭگۈچنىڭ قېشىدا كۆزەتتە تۇرىدىكەن. ئۇ چاغلاردا شەيتان جەننەتنىڭ تېشىدا تۇر-

① يۇقۇرقى ئىزاھاتقا ئوخشاش.
② يۇقۇرقى ئىزاھاتقا ئوخشاش.

دىگەن. ئۇ جەننەتكە كىرمەكنى خىيال قىلىپ، يىلاننىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى جەننەتكە ئەكىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەمما يىلان ئۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. شەيتان يەنە بىرمۇنچە يالۋۇرۇپتۇ. يىلاننىڭ رەھمى كېلىپ شەيتاننى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ، سۆڭگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ يىلانغا غەزىۋى كېلىپ، ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋېتىپتۇ ۋە جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

شۇندىن كېيىن يىلاننىڭ پۇتى يوق بولۇپ قالغان ئىكەن.

## ياۋا ئۆدەكنىڭ مەيدىسى نېمە ئۈچۈن ئالتۇن رەڭ بولۇپ قالغان؟ ①

بۇرۇن گۈل - گىيالار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تاغدا توشقان بىلەن پاقا سەيلە قىلىپ ئويناۋېتىپ بىر ئالتۇن كۈپىنى تېپىۋاپتۇ. ئۇلار بۇ كۈپىنى تالىشىپ قاپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، مۇسابىقىگە چۈشمەكچى بولۇشۇپتۇ. كىم تېز يۈگۈرۈپ كۈپىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا، ئالتۇن كۈپ شۇنىڭ بولىدىغان بوپتۇ.

مۇسابىقە جەريانىدا پاقا ئۇتتۇۋاپتۇ. توشقان بۇ مۇسابىقىدە پاقىنىڭ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەن-

① يۇقۇرقى ئىزاھاتقا ئوخشاش.

مەيتتۇ، شۇڭا ئالتۇن كۆپ پاقىغا تەئەللۇق بوپتۇ. پاقا ئالتۇن كۆپكە ئىگە بولغان بىلەن ئۇنى تاغدىن ئېلىپ چۈشۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي بېشى قېتىپتۇ، دەل شۇ چاغدا، بىر ياۋا ئۆدەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇ-نىڭدىن ھال ئەھۋال سوراپتۇ، پاقا ئەھۋالىنى ياۋا ئۆدەككە سۆزلەپ بېرىپتۇ، ۋە ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى سوراپتۇ.

ياۋا ئۆدەك كۆپنى پەسكە چۈشۈرۈپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. بىراق، يېرىمىنى مەن ئالىمەن دەپ شەرت قويۇپتۇ، پاقا ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ياۋا ئۆدەك ئالتۇن كۆپنى تاغدىن پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ، ئىككى پارچە قىپتۇ ۋە يېرىم پارچى-سىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۆدەك ئالتۇننىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تالقاندەك ئېزىپ مەيدىسىگە سۈركىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ياۋا ئۆدەكنىڭ مەيدىسى ئالتۇن رەڭ بولۇپ قالغان ئىكەن.

## 6. مۇئەييەن ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

### ئەپراسىياپ ھەققىدە رىۋايەت ①

ئەپراسىياپ پەردوزىنىڭ تۆر ئىسىملىك ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھوشەڭنىڭ ئوغلىدۇر.

ئەپراسىياپنىڭ مەركىزىي شەھىرى قەشقەر ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ كۆپىنچە قەشقەردە تۇراتتى. ئۇنىڭ قوز ئىسىملىك گۈزەل قىزى قەزۋىن قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. قەزۋىن — قوز سۆزىنىڭ ئۆزگەرگىنىدۇر. ئىلى ۋادىسىنى قاراپ ئاقىدىغان چوڭ سۇنىڭ قوز سۈيى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، ئەپراسىياپنىڭ قىزى قوزنىڭ شۇ سۇ بويىغا چىڭ قەلئە سالغىنى ئۈچۈندۇر. بوختە نەسىرنىڭ ئوغلى باتىزات شۇ قىز بىلەن يېشۇرۇن ئالاقىدا بولغىنى ئۈچۈن ئەپراسىياپ ئۇنى چاروق دىگەن شەھەرگە قامىغان ئىدى. بەزىلەر بۇ شەھەرنى

---

① بۇ رىۋايەت مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن رەتلەنگەن.

ئەپراسياپنىڭ مەرو شاھ جاھان دېگەن ئوغلى بىنا قىلغان دېيىشىدۇ.

## سياۋۇش رىۋايىتى①

(«تارىخى تابارى» دىكى نۇسخىسى)

ئەجەمنىڭ شەرقىدىكى تۈركىستان يېرى ئەپراسياپنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئەجەم ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى ھىجاز، يەمەن كەيكاۋۇسقا قاراشلىق بولغان، ئىران ۋە تۇران ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئامۇ دەريا (جەيھۇن) ئارقىلىق ئايرىلاتتى.

كەيكاۋۇس بىر ئوغۇل كۆردى. ئۇنىڭ نامىنى سىياۋۇش قويدى. پۈتۈن دۇنيادا ئۇنىڭدىن چىرايلىق ئوغۇل يوق ئىدى. بۇ بالا مەشھۇر سەركەردە رۇستەم قولىدا تەربىيە كۆردى. يىگىرمە ياشقا تولغاندا ئاتىسى سىياۋۇشنى يېنىغا ئېلىپ كەلدى. كەيكاۋۇس ئۇنىڭ ياخشى ئىشلارغا ۋە ئەدەپكە ئۆگەنگەنلىكىدىن خۇشاللاندى. كەيكاۋۇسنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ موزانداران شاھىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ خوتۇن ئىنتايىن شوخ ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇ سىياۋۇشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. سىياۋۇش ئۆگەي ئانىسىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ، مەن ئاتامغا بىۋاپا-

① بۇ ئەپسانە «تارىخى تابارى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

لىق قىلمايمەن، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەن ئايال كۆپ ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتى، يالغان گەپ تارقىتىپ سىياۋۇشقا تۆھمەت قىلدى. نەتىجىدە ئاتا ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولدى. ئەمما سىياۋۇشنىڭ ئىلتىماسى ۋە رۇستەمنىڭ مەسلىھىتىگە ئاساسەن، ئاتىسى سىياۋۇشنى ئەپراسىيابقا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. سىياۋۇش تورانغا كېلىپ ئۇرۇش قىلدى، قارشى تەرەپنىڭ كۆپ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتەردى. شۇندىن كېيىن ئەپراسىياب ئەلچى كىشىنى ئەۋەتىپ سۈلھى سورىدى.

سىياۋۇش سۈلھى تۈزەشكە قوشۇلدى ۋە بۇ توغرىدا ئاتىسىغا خەۋەر يوللىدى. ئاتىسى سۈلھىگە نارازى بولدى. سىياۋۇش، مەن بىۋاپالىق قىلمايمەن. ئۆز ئەھدىمدىن قايتمايمەن، دىدى. ئۇ ئەمدى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بارالمىدى، يا ئۇيىغا قا، يا بۇياققا ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەپراسىياب ئالدىغا باردى. ئەپراسىياب ئۇنى ياخشى قارشى ئالدى ۋە سىياۋۇشقا ئۆز قىزىنى بەردى. قوشۇن ئىرانغا قايتتى. ئەپراسىياب سىياۋۇشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق، مەرتلىكى ۋە باتۇرلۇغىدىن ئەندىشىگە چۈشتى ۋە بۇ ھەقتە ئۆز ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ئاخىرى سىياۋۇشنى ئۆلتۈرۈش پىكرىگە كەلدى. سىياۋۇشنىڭ خوتۇنى (ئەپراسىيابنىڭ

قىزى) ھامىلدار ئىدى. ئۇنىڭغا دورا بېرىپ بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئەپراسىياپنىڭ پىران دېگەن ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ سىياۋۇش بىلەن ئەپراسىياپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ تەشەببۇسكارى بولغان ئىدى. پىران ئەپراسىياپنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى قارىلىدى. ئۇ: شاھزادە سېنىڭ يېنىڭغا كەلدى، ساڭا خىزمەت قىلدى، يەنە قايسى گۇناھى ئۈچۈن سەن ئۇنى قەتلى ئېتتىڭ؟ ئەمدى كەيكاۋۇس ۋە رۇستەم سەندىن ئۇنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن ئۇلاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسەن. ئۇلار تۇرانىنى ۋەيران قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، سەن سىياۋۇشنى ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى قىزىڭنى ماڭا تاپشۇر. ئەگەر، ئۇ ئوغۇل تۇغسا شۇ ئوغۇلنى كەيكاۋۇس ۋە رۇستەمگە ئەۋەتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى ياندۇرىمەن، دېدى. ئەپراسىياپ قىزىنى پىرانغا تاپشۇردى. لېكىن ئۇ ئوغۇل تۇغقىدەك بولسا، شۇ بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. پىران، شاھ قىزىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ساقلىدى. بىر ئاي ئۆتمەستىن ئۇ ئوغۇل تۇغدى. بۇ ۋاقىت خۇددى ئاتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. پىرانىنىڭ بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئۇنىڭغا كەيخىسراۋ دەپ ئات قويدى ۋە يوشۇرۇنچە تەربىيىلىدى. ئەپراسىياپقا: «قىزىڭ پەرزەنت كۆردى» دەپ خەۋەر

قىلدى، ئەمما ئوغۇل ئىمكەنلىگىنى بىلدۈرمىدى. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەپراسىياپ: «قىزىم نىمە تۇغدى؟» دەپ سورىدى. «ئوغۇل، ئەمما ئۇنى، ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى» دەپ جاۋاپ بەردى فىيران. «كەلتۈر، ئۇنى كۆرەي» - دىدى ئەپراسىياپ. فىيران ئىپىل كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ كەيخىسراۋنى ئەپراسىياپ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئەپراسىياپ ئۇنى كۆرگەن ھامان يىغلاشقا باشلىدى ۋە سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگىنىگە پۇشايمان قىلدى. كەيخىسراۋنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىدىن سۆيدى. فىيرانغا: «بۇ بالا چوپانلار ئارىسىدا بولسۇن، چوڭ بولغاندا كىمنىڭ زاتىدىن ئىكەنلىگىنى بىلمىسۇن» دەپ بۇيرۇدى. بالىنى چوپانلار قولىغا تەربىيىلەش ئۈچۈن تاپشۇردى. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندە، بىر كۈنى ئەپراسىياپ فىيراننى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا: «بۈگۈن ھېچ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ھامان ئاشۇ گۆدەكنىڭ ئەندىشىسىنى تاشلىيالمايمەن. شاھزادە قانداق قىلىپ چوپانلار قولىدا تەربىيىلىنىشى مۇمكىن؟ نىمە راۋا بولسا شۇ بولسۇن، بارغىن، ئۇنى ئېلىپ كەلگىن» دىدى.

فىيران كەتتى. ئۇ چوپانلار يېنىغا كەلدى ۋە بالىنى كۆردى. كەيخىسراۋ چاۋگان ① ئويناۋاتاتتى.

---

① چاۋگان — ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان توپ ئويۇنى.

فېران ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، قۇچاقلاپ باغرىغا باستى، قاتتىق سۆيۈشكە باشلىدى ۋە يىغلاپ سالدى. كەيخىسراۋ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئۇ فېرانغا: «ئەي ئاتلىق، سەندە ئۇيات يوقمۇ؟ نېمىشقا چوپان بالىسىنى باغرىڭغا بېسىپ قۇچاقلايسەن؟» - دېدى. فېران تەڭگالىكتە قالدى ۋە ئۇنىڭغا: «سەن چوپان بالىسى ئەمەسسەن، شاھزادىسەن» دېدى.

ئۇ بالىنى ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ، يوشۇرۇنچە ئەپراسىياپنىڭ يېنىغا كەلتۈردى. يولدا ئۇنىڭغا ئەپراسىياپنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا: «بوۋاڭ نېمىنى سورىسا شۇنداق جاۋاپ بېرىشىڭ كېرەككى، ئۇ سەندىن قورقىدىغان بولمىسۇن»-دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار ئەپراسىياپ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. ئەپراسىياپ بالىنىڭ كامالىغىدىن ھەيرەتتە قالدى. ئەپراسىياپ فېرانغا: «بالىنى ئېلىپ بېرىپ ئانىسىغا تاپشۇر، ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلمىسۇن» دېدى. فېران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئانىسىغا تاپشۇردى.

بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سىياۋۇشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى كەيكاۋۇسقا بېرىپ يەتتى. ئۇ ئىنتايىن غەزەپلەندى، يىغلاپ نالە قىلدى، ھازا ئېچىپ قارىلىق تۇتتى. بىرنەچچە يىل ئۆتتى،

لەشكەر باشلىقلىرى ئىچىدە گۆدەرز دېگەن ئادەم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە شۇنداق ئەھۋالنى كۆردى. بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئوغلۇڭ گىۋنى تۇرانغا ئەۋەت، ئۇ بېرىپ كەيخىسراۋنى ئېلىپ كەلسۇن، دېدى.

گۆدەرز بۇ چۈشتىن كەيكاۋۇسنى خەۋەردار قىلدى. كەيكاۋۇس گىۋگە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى تۇرانغا ئەۋەتتى، گىۋ يەتتە يىل تۇراندا بولدى ۋە كەيخىسراۋنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ كەيخىسراۋنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىران تەرەپكە يول ئالدى.

ئەپراسىياپ بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئۈچيۈز مەرت ۋە جەسۇر يىگىتلەرنى پىرانغا بەردى ۋە ئۇلارنى قاچاقلار ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. گىۋ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدى، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ پىراننى تۇتىۋالدى ۋە ئۆلتۈرۈشكە قەستلىدى. كەيخىسراۋ پىراننىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلار قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۆلتۈرمەسلىكىنى سورىدى. گىۋ: «مەن ئۇنىڭ قېنىنى تۆكمەن دەپ قەسەم ئىچكەن، ئۆلتۈرمىسەم بولمايدۇ» - دېدى. كەيخىسراۋ: «ئۇنداق بولسا سول قۇلىقىنى كەسكىن، شۇندا قەسىمىڭ ھەم بۇزۇلمايدۇ، پىران ھەم ئامان قالىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. گىۋ پىراننىڭ سول قۇلىقىنى كەستى ۋە ئۇنى ئېتىغا باغلاپ قويدى. گىۋ

ۋە كەيخىسراۋ ئىرانغا — كەيكاۋۇس ھوزۇرىغا يېتىپ كېلىشتى، كەيكاۋۇسنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن، رۇستەم چوڭ قوشۇنغا باش بولۇپ تورانغا يۈرۈش قىلدى، ئەپراسىياپنى يېڭىپ قاچۇردى. كۆپ ئەللەردە غازات قىلدى، ئەسىر ۋە ئولجىلارنى قولغا كىرگۈزدى. كەيكاۋۇس بىر يۈز ئەللىك يىل ياشىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

## كەيخىسراۋ رىۋايىتى ①

كەيكاۋۇس ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە كەيخىسراۋ بىن سىياۋۇش ئولتۇردى. ئۇ شاھلىق تاجىنى كىيىپلا ئادەملەرنى يىغدى ۋە ئەپراسىياپ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئەنتىمىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن يۈز مىڭ كىشىنى ئاجرىتىۋالدى ۋە تۇسى ناۋ دەرگە تاپشۇردى. ئۇلار تورانغا يول ئالدى.

ئەپراسىياپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ھەم لەشكەر تارتتى. فىرانىنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇرۇشتا توران ئەسكەرلىرى يېڭىپ چىقتى، فىرى بارز باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنى يېڭىلىپ بايراقنى ئارقىسىغا ئۆرۈپ قېچىشقا باشلىدى.

---

① بۇ ئەپسانە تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

كېيىن كەيخىسراۋ يەنە پۈتۈن ئىران لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئەپراسىياپتىن ئۆچ ئېلىشتىن باشقا چارە يوق، دەپ ئېلان قىلدى. سىپاھىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەم بولۇشتى. ئەپراسىياپ ھەم بارلىق تۈرك قوشۇنىنى جەم قىلغان ئىدى. كەيخىسراۋ ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قوشۇنىنى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ، تۇرانغا كىرىش ۋە قارشى تەرەپ لەشكەرلىرىنى ئورىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلا- نىنى ئېلان قىلدى. گۆدەرزگە ئاختارى كاۋىيان دەپ ئاتالغان چوڭ بايراقنى تاپشۇردى. ئۇنىڭغا قوشۇپ فېرى بارزنى ھەم ئەۋەتتى، يەنە بىر قوشۇننى گىرگىن مىلاد ناملىق باشلىغىنىڭ قول ئاستىدا باشقا تەرەپكە ئەۋەتتى. قالغان لەشكەرلەرنى رۇستەمگە بەردى. يەنە گوشتەھى ناملىق لەشكەر بېشىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتتى. ئۆزى ئۆز مەنزىلگاھىدا قارار تاپتى. ئەگەر بىرەر لەشكەر يېڭىلسە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، يەڭسە ئۇلارنى يەنە روھلاندۇراتتى، بۇ خەۋەرلەر ئەپراسىياپقا بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭ گارشىيۇز ناملىق بىر بۇرادىرى بار ئىدى. سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەن دەل شۇ ئىدى. ئەپرا- سىياپ ئەنە شۇ بۇرادەرگە سان - ساناقسىز لەشكەر بېرىپ جەڭگە ئەۋەتتى، «كەيخىسراۋ تۇرانغا لەشكەر تارتىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپى گۆدەرز-

نىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن، گاۋىيان باتىرنى ھەم
شۇنىڭ قولىدا، سەن شۇ تەرەپكە يول ئال» دەپ
ئەپراسىياپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇق بەردى، كەيخىسراۋ
توران قوشۇنىنىڭ يېقىنلاشقىنىنى، ئۇنىڭ باشلىقى پىران
ئۆزىنىڭ تەربىيەچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى ئۆلتۈ-
رۈشنى خالىمىدى. كەيخىسراۋ ۋەكىللەر ئەۋەتىپ پىران-
غا مۇنداق خەۋەر قىلدى: سىنىڭ مەندە ھەققىڭ
بار، سەن مېنى ئاتام ۋە ئانام ئورنىدا تەربىيىلىدىڭ،
ماڭا كۆپ ياخشىلىقلار قىلدىڭ. تاكى غەلىبە قازانسام
سېنىڭ ھەققىڭنى ئاقلايمەن.

پىران ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ۋە نامىسىنى ساقلىدى.
ئەپراسىياپ پىراننى ئۆز بۇرادەرلىرى ھەم پەرزەنت-
لىرىدىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەيتتى، ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن
باشلىق قىلىشقا مۆلچەر قىلغان ئىدى. پىران ئۆز
لەشكەرلىرى بىلەن ئالغا يۈردى ۋە گۆدەرز قوشۇنلىرى
بىلەن ئۇرۇش قىلدى، گۆدەرز پىران قوشۇنىغا زەربە
بەردى. پىران شۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ھەممە
بۇرادەرلىرى، ئەپراسىياپنىڭ يېقىنلىرى ھەمدە سىيا-
ۋۇشنىڭ قاتىلى گارشىيۇزمۇ ئەسىر قىلىندى. گارشىيۇز-
نىڭ قولىقىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ ئۆلتۈردى. ئۇ
سىياۋۇشقا نېمە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ھەم شۇنى
قىلدى.

ئەتىسى كەيخىسراۋ تەختكە ئولتۇردى. نەۋرە ئاكىسى نەۋفىرانى ئوك قول تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا كىرمان ۋە ماكىران ھاكىملىقىنى تاپشۇردى. كېيىن كەيخىسراۋ گۇدەرزگە مىننەتدارلىق ئىزھار ئەتتى. كۆپ سوغىلار بەردى ۋە ئۇنى ئىسپەھان ھەمدە گورگان ھاكىملىقىغا تەيىن قىلدى. باشقا لەشكەرلەر- دىنمۇ خەۋەر كەلدى. ئۇلار توران يېرىدە ئەپرا- سىياپنى ئوردۇۋالغان ئىدى. جاھان ئەپراسىياپقا تارلىق قىلغان ئىدى. ئەپراسىياپ ھەم ئوز لەشكەر- لىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، فىرانىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن- لىكىنى، گارشىيۇزنىڭ ھەممە ئەزايى بەدىنى پارە - پارە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئەپراسىياپنىڭ يېنىلا تېخى كۆپ ئەسكىرى بار ئىدى.

ئەپراسىياپ ئوغلى شەيداغا كۆپ قوشۇن بېرىپ، كەيخىسراۋغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى، شەيدا جادۇ ھۈنىرىگە ئۇستا ئىدى. كەيخىسراۋ ئۇنىڭ جادۇسىدىن قورقۇپ، قوشۇنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، مەيداندا پەقەت قورۇق ئىبنى ھەرخان نامىلىق قېرى لەشكەر بېشى بىلەن تول ئاستىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرنى قال- دۇردى. ئۇ لەشكەر قوشۇنى بىلەن چارشەنبە كۈنى پۈتۈن بىر كۈن جەڭ قىلدى. ئاخىرى تۈرك قوشۇنى چېكىندى ۋە كەيخىسراۋنىڭ لەشكەر باشلىرى ئۇلارنى

قورشاۋ ئاستىغا ئالدى، ئۇلار يېتىپ بېرىپ شەيدانى ئاتتىن ئۆلاتتى ۋە ئۆلتۈردى. تۈرك قوشۇنى يېڭىلىپ قاچتى، كەيخىسراۋ لەشكەرلىرى كۆپ ئەسىر ۋە ئولجىلار ئېلىپ قايتتى.

ئەپراسىياپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ لەشكەر باشلىقلىرىنى ئەمدى كىمگە تاپشۇرۇشنى بىلمەي قالدى. ئىنتايىن چوڭ قوشۇن توپلاپ ئۆزى باش بولغان حالدا جەڭگە ئاتلاندى.

كەيخىسراۋ ھەم قوشۇنىنى يىغدى، ئۈچ لەشكەر بېشى ئالدىغا چىقتى. ھۆكۈمرانلار ۋە مەلىكەزاتلار كەيخىسراۋنىڭ ئەتراپىغا جەم بولدى. ئۇرۇش باشلاندى. بۇنداق ئۇرۇشنى ھازىرغىچە جاھاندا ھېچكىم كۆرمىگەن. ئەپراسىياپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. كەيخىسراۋ ئۇنى قورشاپ شەھەرمۇ - شەھەر قوغلىدى، ئەمما ئەپراسىياپ ھېچقانداق يەردە توختىمىدى. ئاخىرى ئۇ تۇراندىن چىقىپ، رۇمغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەپراسىيابنىڭ قېشىدا لەشكەرلەردىن ھېچكىم قالمىدى.

ئۇ بىر مەرغزارغا كېلىپ قالدى. ئۇ يەردە بىر كۆل بار ئىدى. ئەپراسىياپ ئاشۇ كۆلدە سۇ ئىچىپ يوشۇرۇندى. ئۇنى ئاختۇرۇپ تاپتى ۋە تۇتۇپ كەيخىسراۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، كەيخىسراۋ

ئۇنى ئەسىر قىلىشنى ۋە ئۈچ كۈن تېچ ھالدا ساق-
لاشنى بۇيرۇدى. تۆتىنچى كۈنى ئۇ ئەپراسىياپنى
ئۆز ھوزۇرىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا: «سىياۋۇشنى
نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ، سەۋەبىنى ماڭا ئېيت» دېدى.
ئەپراسىياپ ھېچقانداق سەۋەپ كەلتۈرەلمىدى. كەي-
خىسراۋ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. گۆدەرزگە: «بىر
تەشت (جادۇ) ئېلىپ كەل» دېدى. ئەپراسىياپنى
ياتقۇزدى. پۇتى ۋە قولىنى كەستى، بوغۇزىنى قوي
بوغۇزلىغاندەك جادۇ ئاستىدا توغرىدى. سىياۋۇشنىڭ
بېشىنى ھەم ئۇ خۇددى شۇنداق ئۈزگەن ئىدى.

كېيىن كەيخىسراۋ قوشۇننى قايتۇردى ۋە ئۆز
يۇرتىغا كەلدى. ئۇ بارلىق خەلق ۋە ئەسكەرلىرىنى
يىغىپ: «مەن جاھاندىن نېمە لازىم بولسا تاپتىم.
ئەمدى جاھان ئىشىنى تەرك قىلىمەن. مەملىكەتتىن
چىقىپ كېتىمەن. مەملىكەت ۋە ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇشتا
كىمنى خالىساڭلار شۇنىڭغا بېرىڭلار» دېدى،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەمكىن بولۇشتى، شۇنچە كۆپ
يالۋۇرۇشتى، لېكىن كەيخىسراۋ ئۇنىمىدى. ئۇ يەنە:
«ماڭا ئۆلۈم كەلمەكتە، ئۆلگىنىمدىن كېيىن نېمىنى
قىلماقچى بولساڭلار، ھازىر شۇنى قىلىڭلار» دېدى.
خالايىق بىلدىكى، ئەمدى ھېچقانداق گەپ پايدا
بەرمەيدۇ، ھامان ئۇلار بىزگە نامزاتىڭنى تايىن-

قىل، ھۆكۈمەتنى شۇنىڭغا تاپشۇرايلى، دەيدۇ. ئۇ يەردە لوھراسىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ شاھزادىلەردىن ئىدى. كەيخىسراۋ قولىنى شۇ تەرەپكە ئۇزاتتى ۋە جىم بولدى. شۇ كېچىسى كەيخىسراۋ غايىپ بولدى. كېيىن ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. دەيدۇلەركى، كەيخىسراۋ تاغلارغا چىقىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

## بەھمان ۋە دارا ①

سىياۋۇش ئەپسانىسىدە تەسۋىرلىنىشىچە، كەيخىسراۋ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن لوھراسىپ ھاكىمىيەتنى ئىگەللەيدۇ. بىرونىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، لوھراسىپنى غەرپتە كىر دەپ ئاتىغان.

لوھراسىپتىن كېيىن گوشتاسىپ ئادالەتلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مەشرىقتىن مەغرىپكىچە ئاباد ئەتتى. ئۇ زەردۇشتلىق تەلىماتىغا ياردەم قىلدى.

گوشتاسىپتىن كېيىن بەھمان تەختكە ئولتۇردى. بەھمان ھەر تەرەپكە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئەتراپتىكى مەملىكەتلەرنى ئىتائەت قىلدۇردى.

بەھمان ئىسپانىدىيارنىڭ ئوغلى بولۇپ لەقەبى

① يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

ئەردەشىر ئىدى. ئۇ ئاتەشپەرەستلىك بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ساسان ئاملىق ئوغلى ۋە ھوماي ئاتلىق قىزى بار ئىدى. چىستان ئەمرى رۇستەم ئەردەشىرنىڭ ئاتىسى ئىسپاندىيارنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئەردەشىرنىڭ ئانىسى ئاستولىيا يەنى ئىسرائىلىيىلىك بولۇپ، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك ئايال ئىدى. بەھمان ئەردەشىر تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئانىسى چىستانغا لەشكەر تارتىشقا مەسلىھەت بەردى. ئەردەشىر رۇستەمنىڭ ئوغلى فارامورز بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. رۇستەم تېخى تىرىك ئىدى. ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى، رۇستەمنىڭ ئىككى بۇرادىرىنىمۇ ئۆلتۈردى. رۇمغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ مەملىكەتنى ۋەيران قىلدى. كېيىن بەھمان ئۆز يۇرتىغا قايتتى، ئۆز قىزى ھومايغا ئۆيلەندى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ بىلەن ياشىدى. ئۇلارنىڭ دىنىدا مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئىدى.

ھوماي بەھماندىن ھامىلدار بولدى. بەھماننىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشماقتا ئىدى. ئۇ تاجىنى قىزىنىڭ قارنىغا قويدى ۋە بالا تۇغۇلسا ئاشۇ ئورنۇمغا پادىشا بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بەھمان ئۆلدى. ھومايىنى تاكى بالا تۇغۇلغانچە پادىشا قىلىپ كۆتەردى. بەھماننىڭ ئوغلى ساسان ئۆزلەتكە

چىكەندى، تا ئۆلگىچە چوپانلىق قىلىپ، تائەت - ئىبا-
دەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ھوماي ئۈچ ئايلىق
بالا تۇغدى، ئەمما تەختىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن بۇ
ئەھۋالىنى خالايىقتىن يوشۇرۇپ، بالا ئۆلدى دەپ
ئېلان قىلدى. ھەممە ئۇنىڭغا ئىشەندى. كېيىن ھوماي
ئاتىسىنىڭ دوستلىرىدىن بىرىنىڭ ياردىمى بىلەن
بالىنى تاۋۇتقا سالدى ھەمدە يېنىغا كۆپ گۆھەرلەر
قويدى. «كىم بالىنى تېپىۋالسا، ھەممە قىممەتلىك
بويۇملار ئۇنىڭغا تەئەللۇق» دېدى. ئۇ تاۋۇتنى
بەلخكە ئېلىپ بېرىپ تاشلىدى. شۇندا بىر تۈگمەن-
چىنىڭ خوتۇنى تۇغۇپلا بالىسى ئۆلۈپ قالغان ئىدى.
تاۋۇتنى ئاشۇ تۈگمەنچى تېپىۋالدى، ئېچىپ كۆرسە ئىچى-
دە قىممەت باھا تاشلار ۋە چىرايلىق ئوغۇل بالا ياتقان
ئىدى. تۈگمەنچى خوتۇنى بىلەن ئاشۇ بالىنى تەربى-
يىلەشكە ۋەدىلەشتى. ھوماي بۇ ۋەقەدىن خەۋەر
تېپىپ تۈگمەنچىنى چاقىردى ۋە بالىنى ئۆز يېنىغا
ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بالىنى ئېلىپ كەلگەندىن
كېيىن ئۇ تۈگمەنچىگە «بالىنى ياخشى ئۆستۈرگەن،
بۇ سېنىڭ پەرزەنتىڭ ۋە مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ»،
دەپ بالىنى باغرىغا باستى، بالىغا دارا دەپ ئات
قويدى. ھوماي ھەر ئايدا بالىنى ئۆز يېنىغا چاقىر-
تىپ، ئانىلىق مېھرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بالا چوڭ

بولغاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى بىر مۇئەللىمگە ئوقۇشقا بەردى. يىگىرمە ياشقا يەتكەندە، دارا ھەممە ئىلىم ۋە ئەدەپتىن خەۋەردار بولغان ئىدى. شۇندىن كېيىن ھوماي بىلىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بەھمانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، بۇ بەخت ۋە سەلتەنەت ئۇنىڭكى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە خاتالىقىغا ئىقرار بولدى. خالايىققىمۇ شۇنى ئېلان قىلدى. خالايىق ئۇنىڭغا ئىشەندى. ئۇلار، سەن ئۇنى ياخشى تەربىيىلىدىڭ، ۋاقتى كەلگەندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى تاپشۇرماقتىسەن، شۇڭا سەندە گۇنا يوق دېيىشتى. دارانى پادىشالىققا كۆتەرىپ، بېشىغا تاج كىيدۈردى. ئانىسى پارس ۋىلايىتىنى ئۆزىگە بېرىشنى دارادىن سورىدى، دارا رۇخسەت بەردى. ئانىسى پارس ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئوتتۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن ئاشۇ يەردە ۋاپات بولدى. ئىستەخىر شەھىرىنى ئاشۇ ئايال بىنا قىلغان.

ئىسكەندەر ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقنى بىر ئىمپېرىيىگە بىرلەشتۈرگەن، بارلىق خوشنا مەملىكەتلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرغان ھۆكۈمدار دارا، ئەنە شۇ دارانىڭ ئوغلى دارا II ئىدى.

## زارىئادىر ۋە ئاداتىدا قىسسىسى ①

مىدىيا شاھى گىستاسپىنىڭ كىچىك ئوكىسى زارىئادىر كاسپى دېڭىزىدىن سىر (تانائىس) دەرياغىچە بولغان ئۆلكىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، تانائىسنىڭ نېرىقى قىرغىقىدا ئاموراك ئىسىملىك شاھ پادىشالىق قىلاتتى، بۇ شاھنىڭ ئاتىدا ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى.

ئاداتىدا بىر كۈنى چۈشىدە زارىئادىرنى كۆرۈپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. زارىئادىر ئاموركقا قىزىنى سوراپ ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئاموركنىڭ، باشقا پەرزەنتى بولمىغاچقا قىزى ئاداتىدانى باشقا يۇرتقا ئۇزىتىشنى خالىمايدۇ ۋە ئۇنى ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرىگە بەرمەكچى بولىدۇ. بىر كۈنى ئامورك قىزىنى كىمگە بېرىشنى سىر تۇتقان ھالدا توي بەزمىسى ئۇيۇشتۇرىدۇ. بەزمە ئەۋجىگە چىققاندا قىزىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «قىزىم، بىز سېنىڭ تويۇڭنى قىلىۋاتىمىز، شۇ يەردە ئولتۇرغانلاردىن قايسى بىرىنى ياقتۇرساڭ، شۇنىڭغا ئالتۇن قەدەھتە مەي تۇتقىن، سېنى شۇنىڭغا بېرىمىز» دەيدۇ. ئاداتىدا ئەتىراپىغا قاراپ، توپلانغانلار ئارىسىدىن سۆيگىنى زارىئادىرنى ئاختۇرىدۇ. ئۇنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن يىغلايدۇ، چۈنكى

① يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

قىز يىگىتكە خەۋەر يوللاپ، ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان ئىدى. زارىئادىر بۇ ۋاقىتتا بىر كېمىچىنى ياللاپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە دەريادىن ئۆتىدۇ ۋە دىۋانە تۈسىدە بەزمە قىلىۋاتقان يەرگە بارىدۇ. ئۇ كۆزىگە ياش تولۇپ تۇرغان، قولىدا قەدەھ تۇتۇپ تۇرغان ئاداتىدانى كۆرىدۇ - دە، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ: «ئاداتىدا، مەن زارىئادىرمەن، مانا مەن سەن ئىزدىگىنىڭدەك يېنىڭدا تۇرىمەن» دەيدۇ. قىز قولىدىكى قەدەھنى يىگىتكە تۇتىدۇ. زارىئادىر ئاداتىدانى يېتەكلەپ، يوشۇرۇنچە كېمىچى تۇرغان يەرگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇلار بىرلىشىپ زارىئادىرنىڭ يۇرتىغا كېتىدۇ. ئامورك قىزىنىڭ غايىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، خىزمەتچىلىرىدىنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلىدۇ. قىز سۆيگۈسىدىن خەۋەردار خىزمەتچىلەر: «بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

## ئىسكەندەر رىۋايىتى①

«تارىخى تابارى»دا ئىسكەندەرنىڭ زۇلقەرنەيىن لەقەبى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك نەقىل بار:

دۇنيانىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپلىرى «قەرن» دەپ ئاتالغان. ئىسكەندەر دۇنيانىڭ

① بۇ قۇرۇقى كىتابتىن ئېلىندى.

مۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ھەممە يېرىنى ئۆز قول ئاستى
تىغا كىرگۈزگەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇنى «زۇلقەرنەيىن»
(ئەرەپ تىلىدا زو - ئىگە، قەرن - تەرەپ (تامان)؛
دۇنيانىڭ ھەر ئىككى ئۇچى. ئەيەن بولسا ئىككىلىك
قوشۇمچىسى)، يەنى «ئىككىلا تەرەپ (تامان) نىڭ ئىگى
سى» دەپ ئاتالغان.

ئىران شاھى دارا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ
پۈتۈن جاھان ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ھەممە مەملىكەتلەر
ئۇنىڭغا خىراج ئەۋەتىپ بەردى. دارا ئاتىسىغا ئوخشاش
ئىراقتا - بابىلدا تۇراتتى. يۇنان ھۆكۈمرانى فەيلاقۇس
ھەم ئۇنىڭغا خىراج ئەۋەتىپ تۇراتتى. فەيلاقۇس
ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئىسكەندەر يۇنان تەختىگە
ئولتۇردى.

بەھمان يۇنان مۈلكىگە بىر مەھەل يۈرۈش قىلغان
ئىدى. سۇلھى بولغاندىن كېيىن بىر يۇنان قىزىغا ئۆيـ
لەنگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە ياشىغان ئىدى.
كېيىن ئۇ قىزنى قايتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن.
بەھماندىن ھامىلە بولغان بۇ ئايال تۇققۇز ئايدىن
كېيىن، بەخت - سائادەتتە ئوغۇل تۇغقان ئىدى. ياش
ئىسكەندەرنى يۇنان ھۆكۈمرانى فەيلاقۇس تەربىيىلەپ
ئۆستۈرگەن. ئۇ بەھماننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم
بىلمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ھەممە كىشى ئىس

كەندەر بىن فەيلاقۇس دەيتتى. ئىسكەندەر تەختكە ئول-
تۇرغان يىلى داراغا يەنە تۆلەم (خىراج) ئەۋەتتى.
يۇنان مۇلكى زەنگىلەر سەمەلىكىتى بىلەن يېقىن ئىدى.
ئىسكەندەر ئاشۇ يۇرتقا يۈرۈش قىلدى ۋە ئۇنى يېڭىپ
قايتۇرۇۋالدى.

دارا ئىنتايىن زالىم پادىشا بولغاچقا، خەلق ئۇنى
يامان كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزلەيتتى.
دارا ئىسكەندەرنىڭ كۈچىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئىسكەن-
دەر بولسا خەلقنىڭ داراغا دۈشمەن ئىكەنلىكىدىن پاي-
دىلىنىپ، ئەجەم مۇلكىنىڭ تەختىنى قولغا كىرگۈزۈشنى
ئويلايدۇ، ئۇ داراغا تۆلەم تۆلەشنى پۈتۈنلەي توختى-
تىپ قويىدۇ. دارا ئىسكەندەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ:
«ئاتاڭ مېنىڭ ئاتامغا ھەم ماڭا خىراج تۆلىگەن ئىدى.
سەن ئۇنىڭدىن چوڭ ئەمەسسەن» دەپ ئىسكەندەردىن
خىراج (تۆلەم) تەلەپ قىلىدۇ. ئىسكەندەر دارانىڭ
ئەلچىسىگە: ئالتۇن «تۇخۇم تۇغىدىغان قۇشلار ئۇچۇپ كەت-
كەن، بېرىپ ئېيت، دارا ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەرسۇن»
دەيدۇ. ئەلچىلەر كېلىپ داراغا بۇ خەۋەرنى ئېيتىشىدۇ.
دارا لەشكەرلىرىنى ئۇرۇشقا تەييارلاپ، يەنە ئىسكەندەر
ھوزۇرىغا ئەلچىلەر يوللايدۇ، ئۇلار ئارقىلىق ئىسكەن-
دەرگە: «تۇۋا قىل ۋە خىراج ئەۋەت، بولمىسا ئۇرۇشقا
تەييار تۇر» دەيدۇ. ئىسكەندەر كىنايىلىك ئىبارىلەر

بىلەن ئۇنى رەت قىلىدۇ.

دارا ئىسكەندەر لەشكىرى بىر بىرىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. جەزىرائى ئىراق دېگەن جايدا (مەۋسول يېنىدا، ئىراق ۋە سۈرىيە ئوتتۇرىسىدا) ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. دارا لەشكەرلىرىدىن كۆپلىرى ئىسكەندەر تەرەپكە قېچىپ ئۆتىدۇ. ئىسكەندەر ئۇلاردىن: «دارانىڭ يېقىنلىرى كىملەر» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئىككى ھاجىپ، ئەمما ھەر ئىككىسى دارانىڭ زالىملىقى ۋە جاۋاپكارلىغى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا دۈشمەندۇر» دەيدۇ. ئىسكەندەر ئاشۇ شەخسلەرگە سوغىلار ئەۋەتىدۇ، يوشۇرۇنچە ئۇلار بىلەن دارانى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلار جەڭ باشلىنىشى بىلەن دارانى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىمىز، دەيدۇ. جەڭ باشلىنىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم قىرىلىدۇ. ئىسكەندەر قورقۇپ ئۇرۇشنى توختىتىدۇ. قوشۇنلار ئۆز ئورنىغا قايتىشىدۇ. ھاجىپلار ئاشۇ كۈنى دارانى تاپالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئىسكەندەر، ئۇلار ئۆز ئەھدىدىن پۇشايمان يېگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايدۇ. دارا ئىسكەندەر لەشكىرىدىن قورققان ئىدى. ئەمما ئەتىسى يەنە جەڭ باشلايدۇ، بۇ ئىسكەندەر ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ھال ئىدى. ئۇ چېكىنمەكچى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭگە كىرىشكەن پەيتتە ھاجىپلار دارا-

نىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ نەيزە بىلەن شۇنداق ئۇردى-
لەركى، نەيزە يەنە بىر تەرىپىدىن تېشىپ چىقىدۇ،
دارا ئارقىسىغا يىقىلىدۇ. ھاجىپلار ئىسكەندەرنىڭ لەشكەر
لىرىگە بېرىپ ئىسكەندەرگە: دارانى ئاتتىن يىقىتتۇق،
ئۇنىڭ لەشكىرى قېچىشقا باشلىدى، دەيدۇ. ئىسكەندەر
بېرىپ دارانى كۆردى، ئۇ توپىغا مىلىنىپ ياتتى، ئۇنىڭ-
دىن توختاۋسىز قان ئېقىپ تۇراتتى. ئىسكەندەر ئاتتىن
چۈشىدۇ، دارانىڭ بېشىنى باغرىغا ئېلىپ، قاندىن
تازىلايدۇ ۋە سورايدۇ: «ئەي، شاھ! سېنى شۇ ئەھۋالدا
كۆرۈشنى خالىماس ئىدىم، ئەمما بۇنى مەن قىلغىنىم
يوق، ئۆز ئادەملىرىڭ قىلدى. ئەمدى قانداق تەلىۋىڭ
بولسا ئېيت، ۋەسىيىتىڭنى قىل، مەن ئۇنىڭ ئىجراچى-
سى بولىمەن.» دارا كۆزىنى ئاچتى ۋە: «مېنىڭ سەندە
ئۈچ ھاجىتىم بار، بىرىنچىسى، قېنىم باتىل كەتمىسۇن،
ئىككىنچىسى، مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنگىن، ئۈچىنچىسى،
ئەجەم لەشكەرلىرىگە ياخشى قارىغىن، ئۇلارنى خار-
لىمىغىن» دېدى. ئىسكەندەر: «ھەممە ھاجىتىڭنى
بەجىرىمەن» دېدى. دارا ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ بولۇشى
بىلەن تەڭ جان ئۈزدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ماتەم
تەزىيىسىنى ئورۇنغا قويدى. ئەتىسى شاھلىق تەختىگە
ئولتۇردى. دارانىڭ يۈزمىڭلاپ ئەسكىرىگە ئادالەت
كۆرسەتتى. ھەر ئىككىلا ھاجىپنى چاقىرىپ، ئالدىن

ۋەدە قىلغان سوغىلىرىنى بەردى ۋە «مەن سىزلەرگە سوغا ۋەدە قىلغان ئىدىم، ئۇلارنى بەردىم. ئەمما سىزلەرنى ئۆلتۈرمەيمەن، دەپ شەرت قىلمىغان ئىدىم. ھازىرچە سىياسەت سىزلەرنى تىرىك قالدۇرۇشنى تەقەززا قىلمايدۇ. سىلەر ئۆز پادىشاھىڭلارغا خىيانەت قىلدىڭلار. پادىشانىڭ قېنى باتىل كەتمەسلىكى كېرەك، ئۇ شۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغان» دېدى. ۋە ھەر ئىككىلا ھاجىپنى قەتلى ئەتتى. ئىسكەندەر دارانىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. ئەجەم لەشكەرلىرىدىن بىرەر كىشىنىمۇ ئەسىر قىلمىدى. ئەجەم تەرجىمانلىرىنى چاقىرتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمالىرى يازغان ئەرسىلەرنى يۇنان تىلىغا تەرجىمە قىلسىلەر دەپ يۇنانغا ئارىستوتىل ھوزۇرىغا ئەۋەتتى، ھەر شەھەرنىڭ ھاكىملىرىنى ئۆز ئورنىدا قالدۇردى. ئۇلار ئىسكەندەردىن كېيىن تۆت يۈز يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇلارنى مۇلكى تاۋايىف دەپ ئاتايتتى. ئەردەشىر بوبەك چىقىپ ئەجەمنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى ھۆكۈمران بولدى. ئىسكەندەر ئەجەمدىن چىقىپ، بەلخ تەرەپكە يول ئالدى. دارانىڭ قىزىنى يۇنانغا ئەۋەتتى، ئىسپاھان شەھىرىنى بىنا قىلدى. ماۋەرە ئۇننەھرنىڭ شىماللىدا ۋە خوراساندا ھىرات، مەرۋە، سەمەرقەنت شەھەرلىرىنى بىنا قىلدى. ئۇ يەردە يېڭى شەھەر قۇردى ۋە ئاشۇ يەردە

تەختكە ئولتۇردى. كېيىن مەغرىپكە يۈردى، زۇلمەت مەملىكىتىگە يەتتى. زۇلمەت ئارىسىدا ھايات بۇلىغى بار، كىم ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچسە، ئۇ ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدى. تۆت يۈز ئەسكىرى بىلەن زۇلمەت ئارىسىغا چۈشتى ۋە يەتمىش كۈن يۈرۈپ ھېچنەرسە تاپالماستىن قايتتى. كېيىن ئىرانغا كەلدى، شۇندىن كېيىن ئىسكەندەر ۋاپات بولدى.

## قاراخان رىۋايىتى ①

بۇندىن بىر نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن غايەت زور قۇرغاقچىلىق تۈپەيلى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆز يېرلىرىنى تاشلاپ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە كۆچۈپ تارقىلىشقا باشلاپتۇ. كۆچۈشتىن قالغانلىرى دەريا بويلىرىغا ئورۇنلىشىپ، ئون توققۇز كىچىك خانلىق قۇرۇپتۇ. بۇ كىچىك خانلىقلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى سىرتقى دۈشمەنلەردىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن دەريانىڭ غەربىدىكىلىرى ئون قەبىلە بىرلىشىپ بىر چوڭ خانلىق قۇرۇپ، ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى خان قىلىپ ئۇنىڭغا «ئەل ئالتەر» (ئەل باشلىغۇچى) دىگەن ئۇنۋاننى بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ بىرلەشمە خانلىقنى «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپتۇ. دەريانىڭ شەرقىدىكى

---

① بۇ رىۋايەت مۇرات رەمزىنىڭ «ئالىپقۇلئەخبار» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

توققۇز كىچىك خانلىقمۇ بىرلىشىپ، ئۆزلىرى سايلاپ چىققان خانغا «كۆل ئەركىن» (دېڭىزدەك ئەركىن) دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىپ، دۆلىتىنىڭ ئىسمىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز يۇرتلىرىنى ھەر قانداق كۈچلۈك دۈشمەندىن ساقلاش ئۈچۈن، ھېلىقى ئىككى بىرلەشمە خانلىق بىرلىشىپ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئادەمگە «قاراخان» (قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ، بۈيۈك خان) ئۇنۋانىنى بېرىپتۇ. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ مەركىزى قەشقەر بولۇپ، ئۇنى «ئوردا كەنت» دەپ ئاتاپتۇ.

## «ئالتۇن قان» رىۋايىتى ①

زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك (ئۇيغۇر) خاقانى ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقاننىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۇگە» سۆزىنى قوللىنىپ، «ئۇگەنمۇ؟»

① بۇ رىۋايەت مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

دىگەن. ۋەزىر: «ھە - ئە» دەپ جاۋاپ بەرگەن. شىر-
نىڭ بىلەن خاقان ياشىغان، سىنالغان بىر ئادەمنى
ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيننىڭ ئالدىنقى
ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر
تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى
بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆل-
تۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سىپالىغان ھەميانىنى بېلىگە
چىگىۋالغان ئىكەن. ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلە-
نىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەندە تۈرك ئەس-
كەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر - بىرى-
دىن «بۇ نىمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار «ئالتۇن
قان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ
مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان
بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايت-
تى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك
خاقانى بىلەن سۇلھى تۈزگەن.

## باتۇر تەگرىتۇت ھەققىدە رىۋايەت ①

گۆرەگە ئەۋەتىلگەن بالىلارنىڭ ھاياتى كۆپىنچە
خەتەرلىك تەقدىرگە ئۇچرايتتى. چۈنكى تولا چاغ-
لاردا ئەھدىنامىلەر بۇزۇلغان ھامان گۆرەگە قويۇلغان

① بۇ رىۋايەت تارىخچى سىدىقجىدىنىڭ «تارىخ نامە» دېگەن كىتا-
ۋىدىن ئېلىندى.

باليلار ئۆلتۈرۈلەتتى. باتۇر مۇنداق ئەھۋالنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەھۋالنى تىڭ - تىڭلاپ، ئەھدىنامە-نىڭ بۇزۇلۇپ ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدىغان پەيتنى ئالدىن بايقاپ تۇرۇشقا. ئەگەر شۇنداق ۋەزىيەت تۇغۇلغان ھامان ياۋچىلاردىن قېچىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى.

دىگەندەك ھونلار بىلەن ياۋچىلار ئارىسىدا تۈزۈل-گەن ئەھدىنامە بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا باتۇر ياۋچىلار خېنىنىڭ ئۆزى مىنىدىغان ئاجايىپ يۈگۈ-رۈك ئاتنى مىنىپ، ياۋچىلار ئىلىدىن قاچىدۇ. ياۋچىلار ئۆز ۋاقتىدا بۇنى سېزىپ قېلىپ، كەينىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، باتۇرنى قوغلاپ يەتمەك بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ تۇۋىقىدىن چىققان چاڭنى يىراقتىن كۆرگەندىن باشقا، باتۇرنىڭ غۇۋا كۆلەڭگە-سىنىمۇ كۆرەلمەي، ئۈمىتسىزلىنىپ ئارقىسىغا قايتىشىدۇ.

باتۇر ھازىرقى كەڭسۇنىڭ جاڭپى ئەتراپىدىن قېچىپ، نىڭشيادىكى تەڭرى قۇملۇغى ئارقىلىق شەرققە يۈرۈپ، ھونلار پايتەختىگە (ھازىرقى كوكخوت ئەتراپىغا) يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆز ئوغلى باتۇرنىڭ ھەققەتەن ھوشى-يار، باتۇر، قەيسەرلىكىنى كۆرگەن تۇمەن تەگرىقۇت ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ھونلارنىڭ ئاتلىق قوشۇن-لىرىنى تەربىيىلەشكە قويىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئىمكانىيەتتى

قولغا كەلتۈرگەن باتۇر دەرھاللا ئاۋازلىق ئوقيا ياساي-
دۇ. ئۇ تەربىيىلىنىۋاتقان ھون ئاتلىقلىرىغا شۇنداق
دەيدۇ: «مەن مۇشۇ ئاۋازلىق ئوقيانى نىمىگە قارىتىپ
ئاتسام، سىلەر شەرتسىز شۇ نەرسىنى نىشانلاپ ئېتىڭلار.
ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغان بولساڭلار، ھەممىڭ-
لارنىڭ بېشىنى ئالىمەن.» بۇنىڭغا ھون ئاتلىقلىرى
ماقۇل بولۇشىدۇ.

بىر كۈنى باتۇر ئۆزىنىڭ ئاۋازلىق ئوقياسىنى
ئۆزى مىنىدىغان ئاتقا قارىتىپ ئاتىدۇ. ھون ئاتلىقلىرى
باتۇرنىڭ ياخشى ئېتىنى ئېتىشقا كۆزى قىيمايدۇ. لېكىن
باتۇر ھېچبىر ئىككىلەنمەي بۇيرۇقنى ئورۇنلىمىغان ھون
ئاتلىقلىرىنىڭ بېشىنى ئالىدۇ ۋە: «ئەگەر بۇندىن كېيىن
مېنىڭ ئاۋازلىق ئوقيايىم قانداق نەرسىنى نىشانغا
ئالىدىكەن، مېنىڭ جەڭچىلىرىم شۇ نەرسىنى نىشانغا ئېلىپ
ئاتمايدىكەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھىلى بېشى كېسىلگەن-
لەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ» دەپ باشقىلارنى
ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي باتۇر ئۆزى ناھايىتى ياخشى
كۆرىدىغان ئايالىنى ئاتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ جەڭچى-
لىرى بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاشقا جۈرئەت قىلمايدۇ
ۋە بېشى كېسىلىدۇ. ئىككى قېتىملىق پاجىئەدىن ساۋاق
ئالغان باتۇرنىڭ ھايات قالغان جەڭچىلىرى، باتۇرنىڭ

قەتئى ۋە غەزەپ بىلەن قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە ھەركەت قىلى-
دىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھون تەڭرى-
قۇتى تۈمەنخان ئوردا بەگلىرىنى ۋە كىچىك خوتۇ-
نىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىدۇ. باتۇر مۇشۇ پۇرسەتنى غە-
نىمەت بىلىپ ئاۋال ئۆگەي ئانىسىنى، ئۆگەي ئۇكىسى-
نى، ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئوردا بەگلىرىنى ئۆلتۈ-
رۈپ تاشلايدۇ. بۇ قېتىم باتۇرنىڭ ئاۋازلىق ئوقياسى
نىمىگە نىشانلاپ ئېتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سادىق بولغان
بىر توپ ھون ئاتلىقلىرى ئوقيالىرىنى شۇنىڭغا قارى-
تىپ ئاتىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى سىناقتا باتۇر تولۇق
مەقسىدىگە يېتىپ، ھونلار تەختىگە ئولتۇرىدۇ، ئۆزىنى
باتۇر تەڭرىقۇت دەپ ئاتايدۇ.

## ئىمام مالىك ئەجدرە رىۋايىتى①

ئىمام مالىك ئەكبەر ئەسلىدە سەمەرقەنتنىڭ
دېھىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى موللام (مەھمۇت
قەشقەرى) نىڭ شاگىرتى ئىدى. ھەزرىتى موللام ئالىم
كىشى ئىدى، ئىمام مالىك ئەھلى غازات كىشى ئىدى.
«ھەزرىتى موللام بېغى» خەلقنى ئەجدىھانىڭ ھالاك
قىلىشىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ھەزرىتى موللام ئۆز

① بۇ رىۋايەت خەلق ئارىسىدىن توپلاندى.

شاگىرتى ئىمام مالىك ئەكبەرگە ئۇنى يوقىتىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئىمام مالىك ئەكبەر بۇ ئەجدىھانى ھالاك قىلغان. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ تېنى ئەجدىھانىڭ زەھىرى بىلەن زەھەرلەنگەچكە، ئىمام مالىك ئەكبەر مېنى كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىدە يۇيۇڭلار، دىگەن ئىكەن. كۆك ئىنەكنىڭ سۈتى يېتەرلىك بولماي پۈتۈن ئەزايىنى يۇيۇشقا يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ ۋاپات بولغان ئىكەن. ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىگى ئۈچۈن شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمى ئىمام مالىك ئەجدەر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن. ئىمام مالىك ئەجدەر شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ مازىرىنى «ئىما ملىرىم» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

## سۇلتان ئارسلانخان رىۋايىتى①

سۇلتان ئارسلانخاننىڭ خوتۇنى بالدۇرراق ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئارسلانخان باشقىلارنىڭ ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىنى قەتئى رەت قىلىپ، بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ۋەزىر - ۋۇزرا، ئۆلىما - قازىلاردىن: «بىر ئەرگە قانچە خوتۇن راۋا؟» دەپ سورىغان. قازى - كالانلار جاۋاپ بېرىپ: «تۆت خوتۇن راۋا» دىگەن. ئارسلانخان

① بۇ رىۋايەت خەلق ئارىسىدىن توپلاندى.

گارقەمدىن يەنە: «بىر ئايالغا قانچە ئەر راۋا؟» دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا قازى - كالانلار دۇدۇقلاپ، بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىپتۇ. بۇ چاغدا ئارسلانخان بىر ئايالغا بىردىن ئارتۇق ئەر راۋا بولمىغىنىدەك، بىر ئەرگىمۇ بىردىن ئارتۇق ئايالنىڭ راۋا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

## فارابى ھەققىدىكى رىۋايەت ①

يەتتەسۇنىڭ بالاساغۇن② دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ، ئەبۇ نەسىر فارابى بولۇپ، بۇ مۆئەززەز ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت غەززالى③، ھەزرىتى ئىمام پەخرى رازىلار④ دىن ئارتۇق كامالەت تاپقان، دىنىي ئالىملەردە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، پەننىي ئالىملاردە

---

① بۇ رىۋايەت مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

② بالاساغۇن — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا جايلاشقان توقماق يېنىدىكى بىر قەدىمىي شەھەر.

③ ئىمام مۇھەممەت غەززالى - زەينىددىن ئەبۇ ھامىد مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت تۇسى. ئۇ مىلادى 1059 - يىلى خۇراساننىڭ تۇس شەھرىگە قاراشلىق غەززال دېگەن جايدا دۇنياغا كېلىپ، مىلادى 1111- يىلى ۋاپات بولغان، ئۇ مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى ئىدى.

④ ئىمام پەخرى رازى — ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىننى ئەلتەمىلكە بىرى پەخرى رازى، مىلادى 1149- يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1209- يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان مەشھۇر ئەرەپ پەيلاسوپى.

ئىبنى سىنادىنمۇ ① ئۇستۇن ئىدىكى، شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەپسىر، ھەدىس، تېۋىپلىق، پەلسەپە، ئىدىئولوگىيە، ئەدەبىيات جەھەتتە شاھمات، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەن ئىدى. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى. راك، ئۇشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇشاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجات قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆز ھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ئۈچىنچى، مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغان ئىدى. «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتاۋىدا «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ۋە يەنە: «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىماۋىدىن ئالالايسىزلەر» دېگەن. بۇ ئەزىز تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدە بىر يۈز ئون تۆت پارچە كىتاپ يازغان.

① ئىبنى سىنا — ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئۇ مىلادى 980 - يىلى بۇخارالىق يېقىنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن، مىلادى 1037 - يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

## ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا رىۋايىتى ①

سۇلتان مەھمۇتنىڭ ھەكىم ئىبنى سىنانى تۇتۇش توغرىسىدىكى پەرمانى چۈشكەندىن كېيىن، ئىبنى سىنا يۇرتىدىن ئايرىلىپ جورجانغا يېتىپ كەلدى. جورجان پادىشاسى قابۇسنىڭ ئاچىسىنىڭ بىر ئوغلى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭغا داڭلىق تېۋىپلار ھەر قانچە داۋالاش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ساقايال-مىغان ئىدى. پادىشا قابۇس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا-نىڭ تېبىبى ماھارىتىنى ئاڭلاپ، مەزكۇر كېسەل يىگىتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. ئىبنى سىنا كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئەزالىرىنى ھەر قانچە ئېھتىيات ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈپمۇ، بىرەر كېسەل ئالامىتىنىڭ بارلىقىنى تاپالمىدى. ئىبنى سىنا ئويلاپ كۆرۈپ: «بۇ يىگىتنىڭ كېسىلى ئاشىقى - سەۋدا ئىكەن، نومۇس ۋە ھايا توپەيلى يىگىت بۇ ھالىنى يوشۇرسا كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى سىنا شەھەرنىڭ پۈتكۈل كوچا - مەھەللىلىرىنىڭ نامىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ-تۇ، ئۆزى كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، تىزىم-لىكنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپتۇ. كوچا - مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى ئوقۇلۇپ، يىگىتنىڭ يوشۇرۇن مەشۇقىنىڭ مەھەل-لىسىگە يېتىپ كەلگەندە ئاغرىق يىگىتنىڭ تومۇرىدا

① بۇ رىۋايەت يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

دەرھال ئۆزگىرىش پەيدا بوپتۇ. ئارقىدىن ئىبنى سىنا يەنە شۇ مەھەللىدىكى ھويلا - ئاراملارنىڭ ئامىلىرىنى تېزىمغا ئالدۇرۇپ، بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. مەشۇغىنىڭ ھويلىسىنىڭ نامى چىققاندا بۇ يىگىتنىڭ تومۇرىدا تېخىمۇ ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئۈچىنچى نۆۋەتتە ھەكىم ئىبنى سىنا مەزكۇر ھويلىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىسىم-لىرىنى تەپسىلىي ئوقۇشقا باشلاپتۇ. دەل مەشۇغىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا يىگىتنىڭ تومۇرى ناھايىتى جىددىي سوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا قابۇس شاھقا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: بۇ ئاغرىق يىگىت پالانى مەھەللە، پالانى سارايدىكى پۆكۈ-نى ئىسىملىك بىر قىزغا ئاشىق ئىكەن. شۇڭا بۇ ئاغرىق-نىڭ بىردىن - بىر داۋاسى ئاشۇ قىزنىڭ ۋىسالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپتۇ. قابۇس شاھ بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىبنى سىنانىڭ ھۆكمى پۈتۈنلەي راست ۋە مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئىبنى سىنانىڭ نام - شۆھرىتى پۈتكۈل جورجان ئېلىگە يېيىلىپتۇ ھەمدە ئۇ قابۇس شاھنىڭ ئالىي مەجلىسىگە تەكلىپ قىلىنىدىغان بوپتۇ.

# ناۋايى ھەققىدىكى رىۋايەت ①

(1)

بىر ياش يىگىت مەدىكارچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇ يۈرگەن يولدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان جاڭجاللارنى ئاجرىتىپ، بىراۋنىڭ ھارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغان بولسا، ياردەملىشىپ چىقىرىشىپ، خەلققە كۆپ ياردىمى تېگىپ يۈرەر ئىكەن. بۇ يىگىتتىكى خىسلەتنى كۆرگەن ناۋايى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، قاچان كۆرسە يىگىتكە ئالدى بىلەن سالام بېرىپ ئۆتىدىكەن. يىگىت ناۋايىنىڭ بۇ ھۆرمەت - ئىكراملىرىغا ئەجەپلىنىپ «مەن ئەتىدىن كەچكىچە كىشىلەرنىڭ جاڭجاللىرىنى ئاجرىتىپ، پاتقاققا پېتىپ قالغان ھارۋىلارنى چىقىرىشىپ يۈرسەم، ئۆمرۈمدە ئوقۇمىساممۇ، روزى تۇتمىساممۇ ناۋايى مېنى مۇنچىلىك ھۆرمەت قىلىدۇ. مۇنداق يۈرۈشتىن پايدا يوق، بالا - چاقام بولمىسا، ماڭا بۇ دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى بار» دەپ، «ئەۋلىياغا قول بېرىپ»، بىر ئەتىكاپخانىدا ئەتىدىن كەچكىچە ھېچكىم بىلەن ئىشى بولماي، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى يىگىت ئەتىكاپخانىدا تەسۋى سېرىپ ئولتۇر-

① بۇ رىۋايەت تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات خىرىستوماتىيىسى» دىن ئېلىندى.

غان ئىكەن، ناۋايى بىر يىگىت بىلەن كەپلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئەتىكاپخانىدا ئولتۇرغان يىگىت «ناۋايى ئىنتايىن كارامەتلىك ئادەم ئىكەن، نامازخان بولۇپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىمنى ئالدىن بىلىپ مېنى ھۆرمەت قىلغان ئىكەن» دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم بىلەن سالام قىپتۇ. ناۋايى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئەپتىگىمۇ قارىماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەتىكاپخانىدىكى يىگىت «ناۋايى يېنىدىكى يىگىتنىڭ كېپىگە بېرىلىپ، مېنى بايقىماي قالغان بولۇشى كېرەك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتەر - ئۆتمەي ناۋايى يەنە شۇ يىگىت بىلەن گەپلىشىپ مېڭىپ، بۇ يەرگە كەپتۇ. ئەتىكاپخانىدىكى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. ناۋايى يەنە بۇرۇنقىدەك ئۈندىمەي ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ. يىگىت ھەيران بولۇپ ناۋايىدىن: «تەقسىر، بىر ئۆمۈر پىشانەم سەجدىگە تەگمەي، كوچىلاردا ۋاقىراپ - جاقىراپ يۈرگىنىمدە سالام بېرىپ ئۆتەر ئىدىڭىز، ئەمدى مەن ئەتىدىن كەچكىچە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، سىزگە سالام بەرسەم ئىلىك ئالمايسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. شۇندا ناۋايى: «سەن ئاشۇ ۋاقىراپ - جاقىراپ يۈرگىنىڭدە خالايىققا پايدىڭ تېگىپ تۇرار ئىدى، ئەمدى بولسا سەھەردىكى ناشتىلىقىڭ بە-

لەن كەچقۇرۇنلۇق تاماقنىڭ غېمىدە ئەتىدىن كەچ-
كىچە خالايىققا كۆز تىكىپ، تاما قىلىپ ئولتۇرىسەن.
سالىمىڭنى ئېلىڭ ئالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇ» دەپتۇ.

شۇندىن كېيىن ناۋايىنىڭ بۇ سۆزلىرى يىگىتكە قاتتىق تەسىر قىلىپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئاۋالقى ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان ئىكەن.

## ناۋايى ھەققىدىكى رىۋايەت①

### (2)

ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ② قىرىق ۋەزىرى بولغان ئىكەن. قىرىقىنچىسى ئەلىشىر ناۋايى ئىكەن. بىر كۈنى بىرى كەم قىرىق ۋەزىرى ناۋايىغا تۆھمەت قىلىپ، ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇنى ھۇسەيىن مىرزىغا چېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۇسەيىن مىرزا ناۋايىنى ۋەزىرلىكتىن ئېلىۋېتىپتۇ.

بىر كۈنى ھۇسەيىن مىرزا تۇرۇشقا قاراپ يېتىپ ۋەزىرلەرگە: «ئېلىپ كېلىڭ!» دەپتۇ. ۋەزىرلەر

---

① يۇقۇرقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

② ھۇسەيىن مىرزا — مىلادى 1470-1505- يىللىرى ئۆتكەن خۇراسان پادىشاسى ھۇسەيىن بايقارانى كۆرسىتىدۇ. ئەلىشىر ناۋايى 1472- يىلى ھۇسەيىن بايقاراغا ۋەزىر بولغان. 1476 - يىلدىن باشلاپ، سارايدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ناۋايى 1441 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھىراتتا تۇغۇلۇپ، 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاپات بولغان.

چېلىم كەلتۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا ھەم ھۈسەيىن مىرزا يەنە: «ئېلىپ كېلىڭ!» دەپتۇ. ۋەزىرلەرى بىلگەن، مۆلچەرلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر قالدۇرماي مىرزىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ، ھۈسەيىن مىرزا ھامان: «ئېلىپ كېلىڭ!» دەپ قايتا بۇيرۇۋېرىپتۇ. ۋەزىرلەر ھەيران قېلىشىپ، ھۈسەيىن مىرزىغا قاراپ: «تەقسىر، پۈتۈن نەرسىنى كەلتۈردۇق، لېكىن سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزنى زادى تاپالمىدۇق» دېيىشىپتۇ.

ھۈسەيىن مىرزا: «ئەتە تاڭ سەھەرگىچە، مەن ھەرەمخانىدىن چىققۇچە شۇنى تېپىپ قويۇڭلار، بولمىسا ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ ھەرەمخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرلەر ئۆز ئارا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ ۋە: «بىرىمىز ناۋايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ، بۇ سىرنى بىلىپ كەلمىسەك، بىز ئۆزىمىز ئۇنى تاپالمايمىز» دېيىشىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ناۋايى بىلەن ئالاقىسى ياخشى ئىكەن. شۇ ۋەزىرگە: «سەن بېرىپ ناۋايىدىن مىرزىنىڭ ئىزلىگىنىنى بىلىپ كەل» دەپ تاپشۇرۇپتۇ. ھېلىقى ۋەزىر ناۋايى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بۇ ۋەقەنى ئېيتىپتۇ: «ھۈسەيىن مىرزا تورۇسقا قاراپ يېتىپ، ئېلىپ كېلىڭ دەيدۇ. نىمىنى ئېلىپ كەلسەك ئۇنىڭغا قاراپمۇ

قويماي، يەنە ئېلىپ كېلىڭ! دەيدۇ. ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى ھېچ تاپالمىدۇق. سىز شۇنى ئېيتىپ بەرمەسىڭىز، ئۇ ئەتە تاڭ سەھەردە ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ.»

شۇندا ناۋايى دەپتۇ: «سىز بىر ئۇستا ياغاچچى ئېلىپ بېرىڭ، بىر قولىدا ھەرىسى، بىر قولىدا چوتى (ئاي پالتىسى) بولسۇن.»

ئەتىسى سەھەردە مىرزا ھەرەمخانىدىن چىقىپ، ۋەزىرلىرىگە قاراپ: «تاپتىڭلارمۇ؟» دەپتۇ. ۋەزىرلەر: «ھەئە» دەپ، ھېلىقى ئۇستا بىلەن ھەرە - چوتىنى ئېلىپ كىرىپتۇ. ھۇسەيىن مىرزا ئۇستىغا قاراپ: «مانا بۇ مېھراپ (مەرەپ) نى تۈزەت!» دەپ بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر قارىغۇدەك بولسا، ھۇسەيىن مىرزا قاراپ ياتقان تورۇسنىڭ مېھراپ تەرىپى بۇزۇلغان ئىكەن.

## ئىپارخان ھەققىدىكى رىۋايەت①

ھىدايىتۇللا غوجا تەرىپىدىن ئۇچتۇرپانغا قوغلىۋېتىلگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەردارى ئەمىر مۇھەممەتخاننىڭ نۇر ئەلا نۇرخان ئىسىملىك بىر نەۋرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بۇ پەرىزات سۈپەتلىك قىزنىڭ بويىدىن تەبىئىي ئىپار پۇراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى كىشىلەر

① بۇ رىۋايەتنى شىنجاڭ داشۆدىكى ئابدۇرىشىت داموللام ئېيتىپ بەرگەن.

«ئىپارخان» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. ئىپارخان ئاتقا مىنىشكە ماھىر بولۇپ، جەڭدە ئاجايىپ باتۇر ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئىشىنكىرۇ ① لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنى باش ئوردا بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ خانغا كۆرسىتىپتۇ. ئىشىنكىرۇ خان ئىپارخاننى بىر كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنى مەجبۇرى مەلىكىلىككە قوبۇل قىپتۇ. ئىپارخاننىڭ رايىنى تارتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلمىغان خۇشامەتنى قالماپتۇ. نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى دەرھال بېجىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن ئەل - يۇرت پىراقىدا باغرى كۆيۈپ ئاتەش بولغان ئىپارخان خاننىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىغا قىلچە پىسەن قىلماي، ھەمىشە مۇڭلىنىپ غەمكىن ئۆتۈپتۇ. بۇ ھالنى سەزگەن ئىشىنكىرۇ خان ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يەركەندىكى ئۇرۇق - تۇققان، يۇرتداشلىرىنى بېيجىڭغا مەجبۇرى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئوردا يېنىدىن مەخسۇس مەھەللە ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇ قېرىنداشلىرى بىلەن ئىپارخاننىڭ ھال - مۇڭ بولۇپ ئۆتۈشىگە شەرت ھازىرلاپ بېرىپتۇ. بىراق خاننىڭ بۇ «ئىلتىپاتى» ئىپارخاننىڭ مىسكىن كۆڭلىنى كۆتىرەلمەپتۇ. بۇ

① ئىشىنكىرۇ — مانجۇ خانلىرىنىڭ پەمىلىسى، بۇ يەردە پادىشا چيەنلۇڭ كۆزدە تۇتۇلغان (1711—1799)، چيەنلۇڭنىڭ ئۆز ئىسمى ئىشىنكىرۇ خۇدراي ئىدى.

مەلىكە يەنىلا خانغا كۆڭلىنى بەرمەي، خاپىچىلىق ئىچىدە ئۆتمۈۋېرىپتۇ. ئامالسىز قالغان خان ئىپارخاننىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئى، مەلىكەم! سىزگە بارلىق شاپائىتىمىنى كۆرسەتتىم. مەندەك بىر شانۇ شەۋكەتلىك خانغا خانىش بولغانلىقىڭىزغا پەخىرلەنمەي، يەنە نىمىشقا ئۆزىڭىزنى مۇنچىۋالا ئاۋارىچىلىققا سالىسىز؟ چىرايىڭىز كۈنسېرى سارغىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سىزگە يەنە نىمە لازىم؟ ئېيتىڭ، مەن بىجا كەلتۈرەمەن» دەپ سوراپتۇ.

شۇندا ئىپارخان يەنە خانغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «مېنىڭ يۇرتۇمدا مېۋىسى ئالتۇن، يوپۇرمىقى كۈمۈش، شېخى پولات، ھىدى ئىپار بولغان بىر دەرەخ بار ئىدى، شۇنى سېغىندىم» دەپتۇ. «بۇ قانداق دەرەختۇر؟» دەپ ھەيران قالغان خان دەرھال لەشكەر بېشى سۇچىك بىلەن ھاكىم بەگ ئەبەيدۇللاغا مۇشۇنداق دەرەخنى دەرھال ئوردىغا كۆچۈرۈپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سۇچىك بىلەن ھاكىم بەگ، خان تەلەپ قىلغان بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ جىگدە ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۈچتۇرپان خەلقىگە سېلىق چۈشۈرۈپ، يۈز ياغاچ تۈگىگە جىگدە كۆچىتى كۆچۈرۈپ بېيجىڭغا يۆتكەش بۇيرۇقىنى ساپتۇ. مەجبۇرى ھالدا نەچچە مىڭلىغان يوقسۇل دېھقانلارغا جىگدە كۆچۈرۈلگەن يوغان ياغاچ تۇڭلارنى كۆتەرگۈزۈپ، ئۈچتۇرپاندىن

ھەيدەپ مېڭىپتۇ. مەھبۇسلار ئۇسسىزلىق ۋە ئاچلىق ئازا-
ۋىدا بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر
قونالغۇدا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ: «خاننىڭ بۇ يارلىغى
ھەممىمىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. مەنزىلگە يېتىپ
بارغىچە ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز. يېتىپ كەلگىچە ئېتىپ
ئۆل دەپتىكەن. جاننى بۇنداق قىيىنغىچە يا ئۆلۈم. يا
كۆرۈم بىراق قوزغىلايلى» - دەپ ۋەدىلىشىپتۇ.
پىغانى تاشلىماي ئاران تۇرغان يىگىتلەر شۇئان ئاۋاز
قوشۇپ ھەركەتكە ئۆتۈپ، جىگدە قاچىلانغان ھەممە
تۆگىلارنى چېقىپ تاشلاپتۇ. قولىغا تاياق - توقماق ئال-
غان قوزغىلاڭچىلار شۇ كېچىدىلا بىر تۈمەنگە يېتىپتۇ.
سۈچىلىك ۋە ھاكىم بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ چېرىكلىرى-
نىڭ راسا ئەدىۋىنى بېرىپتۇ. بۇ «جىگدە يىغىلىقى»
دەپ ئاتىلىپتۇ. خاننىڭ جىگدە كۆچۈرۈش پەرمانى بەر-
بات بولغاندىن كېيىن، ئىشىنكرۇ خان قەھرى - غەزەپكە
كېلىپ، ئىپارخاننى قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن قولغا كەل-
تۈرۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى ئۆزىنىڭ
مەقسىدىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئىپارخاننىڭ ھوجرىسىغا
كىرىپ زورلۇق ئىشلەتكەن ئىكەن، بۇ ئىپپەتلىك قىز
قارشىلىق كۆرسىتىپ، قونجىدىكى پىچاق بىلەن خاننى
يېنىك يارىلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپمۇ، ھىلىگەر خان
بۇ پەرىزات قىزدىن زادى كۆڭلىنى ئۈزەلمەپتۇ. «بىر

مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈزۈلۈپ قالار» دەپ ئىپارخاننى ئاپىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقا جايغا ساياھەتكە كېتىپتۇ. ئوردىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئىشىنكرۇ خاننىڭ ئانىسى ئۆز ئەتراپىدىكى خۇسۇمەتچى مەلىكە، خانىشلار بىلەن: «ئىشىنكرۇ دۆلەت خانى تۇرۇقلۇق نەسەپسىز بىر ئاددى ئايالغا پۈتۈنلەي ئەسىر بولۇپ كەتتى. ئاۋادا ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرۈپ قالسا، خانلىق تەختىمىزنىڭ ۋارىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ نەسەبىمىز ئۈزۈلىدۇ. شۇڭا بۇ ئايالنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دەپ سۇيىقەست پىلانلاپتۇ. نەتىجىدە بىر ئامال تېپىپ، ئىپارخانغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئىشىنكرۇ خان قايتىپ كەلگەندە ئوردا خانىشلىرى بىرلىكتە: «ئىپارخان زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى» دەپ مەلۇم قىلىشىپتۇ. ئىپارخاننىڭ ئىشق - پىراقىدا كۆيگەن خان قاتتىق ئازاپ ئىچىدە قاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي كۆيۈك دەردىدە ئۆلۈپتۇ. ئىپارخاننىڭ جەسىدى ئاشۇ جايدىكى خانلىق قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان ئىكەن.

## «جەڭگە يېغىلىغى» رىۋايىتى ①

پەغپۇر چىن يەتتە شەھەرنى تەۋەسىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۈچ ② شەھرىنىڭ جاھانغا زىننەت بېرىدىغان قۇياش نۇرىدەك نۇرلۇق، گۆھەردەك ئون بەش ياشلىق بىر ساھىپجامال قىزىغا مەنسەپدارلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. مەنسەپدارلار «ئۇلۇغ خانغا بۇندىن ئۇلۇغ سو-غا تېپىلمايدۇ» دەپ، بۇ قىزنى خاقان چىنغا سوغات قاتارىدا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ قىز خانغا ناھايىتى ياراپ، ئۇنى ھەممە خوتۇنلىرىدىن ئارتۇق كۆرۈپتۇ. لېكىن بىر كۈنى خان قىزنىڭ غەمكىن ھالدا يىغلاپ ئولتۇرغانلى-غىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خان، «ئەجەبا يەر يۈزىدە مەندىن ئۇلۇغ خان بولمىسا، بۇ ساھىپجامال يەنە نىمە ئۈچۈن يىغلايدۇ، ئەھۋالىنى سوراپ باقاي» دەپ، سوراپتۇ. قىز جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ يۇر-تۇمدا بىر مۇۋىلىك دەرەخ بار ئىدى، مۇۋىسى ئال-تۇندىن، ياپراقلىرى كۈمۈشتىن، يىلتىزى ئەنبەردىن ئىدى. شۇ دەرەخ يادىمغا چۈشتى، ئۇنى سېغىنىپ يىغلىدىم» دېگەندە، خان شۇنداق يارلىق قىپتۇكى: «ئۈچ شەھىرى-دە شۇ خىل دەرەخ بار ئىمىش، تېزلىك بىلەن ئور-

---

① بۇ رىۋايەت موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەممىدى» دا مىلىق كىتا-ۋىدىن ئېلىندى.

② ئۈچ — ئۈچتۇرپان شەھرىنىڭ قەدىمقى نامى

دىغا يەتكۈزۈپ كېلىنسۇن. بۇ دەرەخ مېنىڭ باغچىلى-رىمغا لايىق ئەمەس.»

يارلىق يېتىپ كەلگەن ھامان مەنسەپدارلار ئۈچ شەھەرنىڭ ھاكىمى رەھمەتۇللا بەگكە بۇيرۇق قىلىپ، يارلىق جىگدە دەرىخىنى باش خاننىڭ ھوزۇرىغا يەت-كۈزۈپ، خاندىن ئىلتىپات كۈتسۇن، دەپتۇ. بەگ خان-نىڭ ھۆكمى بويىچە پۇقرالارغا ھاشار سېلىپ، پۈتۈن ئۈچ خەلقىنى جىگدە كۆچىتى يۆتكەشكە بۇيرۇپتۇ. پۇق-رالار جىگدە كۆچەتلىرىنى كۆتىرىشىپ، ئۇن مىڭ چاقى-رىم يولغا پىيادە ئاتلىنىپتۇ. تۆت پوتەي يەرگە يەت-كەندە ئۇلار بىر كېچىسى مەسلىھەتلىشىپتۇ. «بۇ كۆچەتنى مەنزىلگە يەتكۈزگىچە ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز. شۇڭا قۇل بولۇپ ئۆلگىچە، كۈرەش قىلىپ ئۆلەيلى» دېيى-شىپ، شۇ كېچىسىلا ئىسيان قوزغاپتۇ. جىگدە كۆچەت-لىرىنى كاللەك قىلىپ، ھەيدەپ ماڭغان چېرىكلەرنىڭ راسا ئەدىۋىنى بېرىپ غەلىبە قىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خان غەزەپكە كېلىپ دەرھال نۇرغۇن قورالىق لەشكەرلىرى بىلەن ئۈچ شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئىسيانچىلارنى قىرغىنچىلىق باشلاپتۇ. خان-نىڭ قىلىچىدىن ئېشىپ قالغان ئۈچ خەلقى تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى خەلق «جىگدە يېغىلىقى» دەپ ئاتاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلقى قىرىلىپ تۈگىگەن

«ئۆچ» شەھىرىگە كونا تۇرپانىنىڭ خەلقلىرىنى يۆتكەپ كەپتۇ. شۇندىن باشلاپ «ئۆچ» سۆزىگە «تۇرپان» سۆزى قوشۇلۇپ، بۇ شەھەرنىڭ نامى «ئۆچتۇرپان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## مەلىكە ئامانىسا خېنىم ① رىۋايىتى

سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى ئامانىسا خېنىم ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفسى» (نەفسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق بىر كىتابنى يازغان ئىدى. خەتتاتلىقتا ئۈستۈن ماھا- رەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغان ئىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلى- كىنى ئۆز نىكايىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغان ئىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىر - ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پاي- تەختى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دىخانچە سادده كىيىملەرنى كىيىپ، قونۇقچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا يا قىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىۋانە قونە-

① بۇ رىۋايەت مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

دىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم - سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتـلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنـچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ مەھمۇتتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشـنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇت: «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر، دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان: «ئەمىسە، قىزىڭىز چېلىپ بەرـسۇن» - دىدى. مەھمۇت قىزىغا ئەمىر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغانىدا، سۇلتان قىزـنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھوش بولۇپ كەتتى. بۇ غەزەلنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق ئىدى:

نەفسى كېچە - كۈندۈز قىل دۇئا تەگرى تەقدىسىغە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇنا قىلدىڭ.

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفـسى دىگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنـ

گەن؟» دەپ سورىغان ئىدى، قىز: «خەقنىڭ غەزىـ
لىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن، مەن ناۋايى، فۇزۇلى،
زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىسىنى ئوقۇمايمەن. بۇ
غەزەل ئۆزەمنىڭ، نەفسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم» دەپ
جاۋاپ بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنـ
لىگىنى سورىدى. ئاتىسى: «ئون ئۈچ ياشقا كىردى»
دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى.
ئاڭغىچە ئاماننىسا خېنىم قوپۇپ، ئۆزى يازغان بىر
نەچچە شېئىرىنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى. خېنىمنىڭ ھۆسـ
نى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلەشەتتى. پادىشانىڭ بۇخەتنى
شۇنچە كىچىك نارىسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي:
«قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ
بېقىڭ» دىگەن ئىدى. قىز دەۋات - قەلەم ۋە قەغەز
ئېلىپ كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەپ سۆئىزەن ماڭا،
گويا بۇ ئۆيكە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.

سۇلتان كۈلۈپ: «ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلـ
ماڭ» دىدى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ:
«بىز ھىلى كېلىمىز» دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشـ
كەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر - ئەمىرلەرگە بولغان ئەھـ
ۋالنى بايان قىلدى.
بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇستىگە دەۋاج ياپتى. دەرـ

ھال ئۇن قوي ۋە شايى - ئەتلەسلەر تەييارلاندى، تۈن يېرىمىدا قىرىق كىشى مەھمۇت ئۇتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى. پادىشا ئۆزىنى ئاش-كارا قىلىپ، توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە يىگىرمە يىل ئابدۇرىشىتخاننىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ «دىۋان نەفسى» نى يازدى. خوتۇن - قىزلارغا نە-سىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) نامىلىق بىر كىتاپنى يازدى، «شورۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) نامىلىق بىر رىسالە يازدى. شائىر-لىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاپ ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» (شاتلىق قوزغىغۇچى) نامىلىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجات قىلغان ئىدى. كۆچلۈك رەشىك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن. بۇ مەلىكە ئوتتۇز تۆت يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ. مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى، سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى.

# ئابدۇرىشتخان ھەققىدىكى ① رىۋايەت

ھەيتىدىن بۇيان سىتىپ ئالغان يەپلىرىنى ئاقاق - ئۆرۈش قىلىپ، پاتلاپ تەييارلىغان ھۆسىيىن بۆزچى سەھەر تۇرۇپ بىرىنچى موكىنى ئاتقاندىن تارتىپ، چارشەنبە كۈنى كەچقۇرۇنغىچە يىگىرمە يەتتە خامنى توقۇپ قاتلاپ، پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە يول چاۋىرىدا «ئىسرىق» سىلىپ، «شىشە بازىرى» غا ئاپىرىپ تىلىگەنگە ساتىدىكەن. ئاندىن يوگۇرۇپ يىپ بازىرىغا بىرىپ، ھەپتىلىك تىرىكچىلىك ئۈچۈن لايىق يىپ سىتىۋىلىپ ئاشقان پۇلىغا ئارپا ئاش، سەۋزە - چامغۇر، گۆش - ياغ، تۇز - پۇز ئىلىپ ئۆيگە قايتىدىكەن. دەسلەپ ھۆسىيىن بۆزچى بازاردىن قايتىپ كەلگەن ھامان خوتۇنى زۇلەيخان خۇشچىراي ھالدا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئىلىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە باشلاپ ئاستىغا كۆرپە سالىدىكەن. مۇھەببەت داستىخىنىنى كەڭ ئاچىدىكەن. بۇنداق شىۋى قەتىرى كۈنلەر ئۇزاق داۋاملاشماپتۇ. زۇلەيخان ئاخىرقى تۇغۇتىدىن تارتىپ ھەممىشە جۇدۇنلىشىپ، قاپىغىدىن مۇز، كىرپىگىدىن يامغۇر تۆكىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاز دەپ، ھىرىپ - ئىچىپ كەلگەن ئىرىدىن بىر - بىرلەپ ئىنچىكە ھىساپ ئالىدىغان بوپتۇ. ناۋادا قىسمەن

① بۇ رىۋايەت يۇقۇرقى كىتاپتىن ئىلىندى.

ئېگىز - پەسلىك كۆرۈلسە، «بۇ پۇل قېنى؟» دەپ كەچە-كىچە ئۇرۇشىدىغان بوپتۇ. جېدەل ئۇلغايغاندا مەھەللە ئىمامىغا، مەھكىمە شەرئىيگە، قازىخانىلارغا بارغان چاغلىرىمۇ بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ھۈسەيىن بۆزچى خوتۇنىدىن كۆپ ئازار يەپتۇ. بىر بازار كۈنى ھۈسەيىن بۆزچى ھويلىغا كىرە - كىرمەي زۇلەيخانىڭ سورىغىغا قاپتۇ، بۇنى ھار ئالغان ھۈسەيىن بۆزچى قولىدىكى روزىغارلارنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، زۇلەيخانىغا بىر مۇشت ساپتۇ-دە، ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ ئەرز - دادىنى سورىغاندا ئۇ، «خوتۇن بىلەن مېنىڭ ئارامدا مۇھەببەت قالمىدى. ئۆيىمىزدە جېدەل - ماجرادىن باشقا ئىش يوق. بىر دەقىقە ئارام ئېلىپ ئولتۇرالمايمىز. خوتۇنۇم قىلغانلا ئىشىدا ماڭا تاپا - تەنە قىلىدۇ، ھەممىدىن ھېساپ ئالىدۇ. مېنىڭ ئەرلىك ھوقۇقۇم دەپسەندە بولدى، ئۆزلىشىپ كېتىشكە نىيەت باغلاپ ھوزۇرلىرىغا كەلدىم» دەپتۇ.

ئابدۇرېشىتخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھۈسەيىن بۆزچىنى ئۆزى يۆكلىنىپ ئولتۇرغان كىلەم ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزى يېقىن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوچۇق چىراي بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «خوتۇنلىرىمىز ھەممىشە بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كۆتەرسە، تاپا - تەنىلىرىمىزگە چىدىسا، خام كۆتىرىپ كەلسەك پىشۇرۇپ بەرسە، تاتلىقىنى

ئالدى بىلەن بىزلەرگە يەتكۈزسە، ئۆيىمىزنى ئىسسىتسا،
يورۇتسا، مۇھاپىزەت قىلسا، تەشنالىقىمىزنى قاندۇرسا،
يا قىمىزغا كىر قوندۇرمىسا، ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرسا،
پەرزەنتلىرىمىزنى تۇغقۇز، ئۇن ئايغىچە بويىدا كۆتەرسە،
سۈت ئەمگۈزۈپ بالا چوڭ قىلسا، ئاستىنى قۇرۇغداپ،
ئۈت - سۈدىن ساقلاپ ئاغىرغىچە خەۋەر ئېلىپ كۆز
قارىچۇغىدەك ئاسرىسا، بارلىق خىزمەتلىرىمىزنى
بىجىرىپ مېھمانلىرىمىزنى كۈتۈپ دەردىمىزگە دەرمان،
رەنجىمىزگە شىپا بولسا ... ئۈزلىشىمەن دىگەننى قان-
داق ئاغزىڭىزدىن چىقاردىڭىز؟ بۇنداق خىزمەتنىڭ قەد-
رىنى بىلمىگەن كىشىنى قانداقمۇ ئەركىشى دىگىلى
بولار؟ خانىمىمىز تەۋەسىدىكى ئەر زاتلار ئۈز ئائىلى-
سىنىڭ كىچىككىنە يۈكىنى كۆتىرىپ كېتەلمىسە، كەمىنى-
نىڭ سەلتەنىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ يۈكىنى
كىملەر ئۈستىگە ئالالايدۇ؟ ئۆيلۈكلەردە ئايال كىشى بىر
كۈن يوق بولۇپ قالسا قانداق ئەھۋالغا قالارسىلەر؟
ئۇ چاغدا ئۆيلۈكلەردىن بوران ئۇچىدۇ، رەڭگى - رويىڭ-
لاردىن تۈپا ئۆرلەيدۇ. شۇڭا تالاق سۆزىنى ئاغزى-
دىن چىقىرىش مەرتىنىڭ ئىشى ئەمەس. گەرچە سىز ئاچ-
چىقىڭىزنى يۇتالماي شۇ قارارغا كەلگەن بولسىڭىزمۇ،
سەبى بالىلىرىڭىزنىڭ دادا، ئانا دىگەن پاك، سەممى
ساداسى، سالاسى يۈرىكىڭىزنى ئېرىتكەچ، تاشنى يار-

غۇدەك غەزدۇدىگىز توزغاقتەك توزۇپ كېتىشى مۇمكىن ...»

بۇ سۆزلەرنى پەردە ئارقىسىدىكى «ھەرەمخانا» دا تۇرۇپ ئاڭلىغان ئامانىسا خېنىم مۇنداق قوشۇمچە قىپتۇ: «ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىدە مۇھەببەت تولۇپ كەتكىنى يوق، ئەلۋەتتە ئەر - خوتۇن بولغۇچى زاتلار ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشلىرى لازىم. شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدە راھەت، خانىدا بەركەت بولىدۇ. مەلۇمكى، كېپەن ۋاپات بولغۇچىغا پىچىلغان كىيىم، ھايات كىشىگە كېپەن پىچىلمايدۇ. بىز ئاياللار ھايات كىشىگە پىچىلغان كېپەننى كۆرۈپلا ئەندىكىپ قورقۇپ كېتىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، تالاق سۆزىدىنمۇ يىرگىنىپ قورقىمىز. ئەرلەرنىڭ يوق بىر ئىشلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ يۈرمىگىنى ياخشى.»

خان ۋە خانىش سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھۆسەيىن بۆزچى قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئەپۇ سوراپ، خان ھۇزۇرىدىن قايتىپتۇ، شۇندىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويىدىغان، گەپ - سۆزدە تەڭ تۇرۇشمايدىغان بولۇپ، ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ.

# سادىر پالۋان ھەققىدە رىۋايەت①

## (1)

سادىر تۇغۇلۇشى ھامان «ئىڭە» دەپ يىغلاش ئورنىغا، قارچۇغا كۆزىنى يوغان ئېچىپ، تۇغۇت ئانىسىغا قاراپ «پېسسىڭ» قىدە كۈلۈپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن دادىسى خوشئىھمەت: «ئەجەبا، بالا دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن تەڭ يىغلاپ تۇغۇلاتتى. مېنىڭ بۇ بالامدا نېمە خىسلەت باردۇر؟ يىغلاش ئورنىغا كۈلۈۋاتىدىغۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ. شۇندا يۇرت ئاقساقاللىرى: «بۇمۇ خۇدانىڭ كارامىتى، بالاڭنىڭ پېشانىسىگە ئۆمۈر بويى زادى يىغلىمايدىغان رۇستەمدەك باتۇرلۇق پۈتۈلۈپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. دەرۋەقە، سادىر ئون بەش يېشىدىن باشلاپلا ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان، جاسارەتلىك پالۋان بولۇپ يېتىلىپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا «پالۋان» دىگەن نام بىلەن داڭ كۆتىرىپتۇ. بېشىغا ھەر قانچە ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ، دۈشمەنلەر ھەر قانچە قىيناپ ئازاپلىسىمۇ زادى زارلانمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ يىغلاپ كۆز يېشى قىلمىغان ئىكەن.

---

① بۇ رىۋايەت ي. مۇخلىس يازغان «سادىر پالۋان ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

## سادىر پالۋان ھەققىدە رىۋايەت ①

(2)

سادىر پالۋان دىخانلارغا باش بولۇپ، مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان كۈنلەردە يەمەك - ئىچمەكتىن ناھايىتى قىينىلىپتۇ. لېكىن، پۇقرالارنىڭ ھېچنەرسىسىگە تەگمەپتۇ. ئاخىرى ئۇ مەسلىھەت قىلىپ، جاڭجۇڭ يامۇلىدىن «ئولجا» ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يارامىق يىگىتلىردىن بىر قانچىنى باشلاپ، باياندايدىكى جاڭجۇڭ يامۇلىنىڭ ئىگىز سېپىلى يېنىغا كەپتۇ. سېپىلنىڭ يېنىدىلا ئۇلارنىڭ كالا قوتىنى بار ئىكەن. سادىر ئاغامچىنى بېلىگە چىگىپ سېپىلغا چىقىپتۇ ۋە سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، چوڭ بىر ھۆكۈزنىڭ بويىنىدىن باغلاپ، ئۆزى يالغۇز سېپىل ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىپتۇ ۋە سېپىل يېنىدا ئېھتىيات بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بۇرادەرلىرىگە ھۆكۈزنى سىرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۆزى يالغۇز بىر ھۆكۈزنى ئىگىز سېپىل ئۈستىگە تارتىپ چىقارغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەل - جامائەت سادىرغا باردىكاللا ئېيتىپ، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن «پالۋان» دەپ نام بېرىپتۇ.

① يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

# سادىر پالۋان ھەققىدە رىۋايەت ①

## (3)

سادىر پالۋان دۈشمەنلەرى بىلەن بولغان كۈرەشـتە زادى يېڭىلمەپتۇ. مانجۇ چېرىكلىرىمۇ ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا دىر - دىر تىترەيدىكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىـشىچە، ئۇ ئۆمرىدە دۈشمەنلەرى تەرىپىدىن يەتتە قېتىم تۇتۇلۇپ، زىندانغا تاشلانغان ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئۆزىـنىڭ جاسارىتى ۋە پەم - پاراسىتى ھەم يولداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئامال قىلىپ زىنداندىـن قېچىپ چىقىپ، كـۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغان ئىكـەن. ھـۆكۈمران گۇرۇھ سادىرنى «كـۆزگـە قـادالغان مىخ» دەپ بىلىپ، ئۇنى يوقىتىشقا كۆپ ھـەرىكەت قىلغـان بولسىمۇ، لېكىن يوقىتىشقا ئامالسىز قالغاچقا، دۈشمەنـلىرىنىڭ يۈرىكى خۇن بولۇپ كېتىپتۇ.

سادىرنىڭ يەتمىش ئۈچ يېشىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن قازا تاپقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جاھىلىق ئۆز ئەمەلـدارلىرىنى باشلاپ ئۇنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ، ھەر بىرى قەۋرىگە يۈزدىن دەررە ئۇرۇپ «ئۆچ» ىنى ئالغان ئىكەن. يېقىن كۈنلەرگىچە سادىرنىڭ قەۋرىسىدە دەررىنىڭ ئىزـلىرى ساقلانغانىمىش.

---

① يۇقۇرقى كىتاپتىن ئېلىندى.

## 7. ھادىسىلەر ۋە ئېتنىك نامىلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

### «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى①

زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە: «lnanhūzhurənd (يەنى بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ تېپىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ)» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل «huzhūr» دەپ ئاتىلىپتۇ، كېيىنچە «h» ھەرپى «l — ئېلىف» قا، «z» ھەرپى «ي»غا، «خ» ھەرپى «غ» غا ئالمىشىپ، «hüzhür» سۆزى «ئۇيغۇر»غا ئۆزگىرىپتۇ. «ئۇيغۇر» بىرئەلنىڭ ئىسمى بولۇپ ئۇنىڭ «sülmi — سۇلمى»، «Koqu — قوچۇ»، «Qanbalik — چانبالىق»، «Bəxbaik — بەش-

---

① مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

بالىق»، «Yangibalik — ياڭىبالىق»، دەپ بەش شەھىرى بار ئىكەن. بۇ شەھەرلەرنى زولقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.

## «Tübt» لەر ھەققىدە رىۋايەت①

تۈبۈت تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم. ئىپاركېيىك شۇلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. تۈبۈتلەر «زابىت» ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ، كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن مىڭ بەشيۈز پەرساخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمالىي تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇبىي تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ.

## «ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر» رىۋايىتى②

خاقاني تېغىنىڭ باغرىدا ئون ئېقىن بار ئىكەن، ئۇيەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئون ئوغۇر (ئون ئۇيغۇر) قوۋمى دەپ ئاتىلىدىكەن. خاقاني تېغىنىڭ يەنە بىر

---

① مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» نامىلىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

② بۇ رىۋايەت پارس تارىخچىسى رەشىدىننىڭ «تارىخى جامىئۇل» («ئومۇمىي تارىخ») نامىلىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

تەرىپىدە توققۇز ئېقىن بار ئىكەن، ئۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئۇيغۇر) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى جايدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقساقىلى يوق ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ. بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ھەر ئىككى قوۋمنىڭ ئىچىدىن كۈچلۈكرەك بىرى چىقىپ باشقىلارغا ئاقساقال بولىدىكەن- دە، ئىككى تەرەپتىكى ئۇيغۇر قوۋمىغا يولباشچىلىق قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئىككى يولباشچى بولمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭ قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئون ئۇيغۇرلار قوۋمىدىن ئىككى كىشىنى يولباشچىلىققا سايلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى «ئېلچۇر» دەپ ئاتىلىدىكەن، يەنە بىرى «كۆل ئېركىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى يولباشچىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقلىرى بىر بىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

## «ئەرگىنە قۇن» رىۋايىتى①

شەرق تورا قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بىر ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلەتكەن دۈشمەندىن يېڭىلىدۇ. يالغۇز قايان ئاتلىق بىر يىگىت بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى نوكۇز خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن

① شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.

يول مېڭىپ، بىر تاغ ئارىسىدا پانالىنىدۇ. بۇ خىلۋەت جايدا ئۇلار كۆپىيىپ، بىر قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇپ تۆت يۈز يىل ياشايدۇ، كېيىن بۇ يەر ئۇلارغا تارىكىلىپ قالغاچقا باشقا يەرگە كۆچمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ جىرادىن چىقىپ كېتىدىغان يولنى تاپالمايدۇ. ئاخىرى بىر تۆمۈرچى: بۇ يەردىكى تاغدا تۆمۈر رۇدىسى بار ئىكەن. بىز شۇ رۇدىنى ئېرىتىپ يول ئاچايلى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتۇن، كۆمۈر دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ، رۇدىلارنى ئېرىتىپ، بىر تۆگە پاتقۇدەك يول ئاچىدۇ. كۆك يايلىمىق بۆرە ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياپ - يېشىل، چۆپلىرى ئىغاڭلاپ تۇرغان، زۇمرەت سۇلىرى شاقىراپ ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ تۇرغان پايانسىز بىر مۇنبەت يايلاققا چىقىپ ئورۇنلىشىپ، قايتىدىن ئۇلارنى جاھاندا قورشاپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىدۇ. «ئەرگىنە قۇن» دەپ ئاتالغان مۇشۇ جايدىن چىقىپ كەتكەن كۈننى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايرىمى قىلىپ بەلگىلەيدۇ ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قەبىلە «تۆمۈرچى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، داڭقى ھەممە ئەتراپقا يېيىلىدۇ.

## موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى ساك
## (سەك) ھەققىدىكى رىۋايەت①

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك دۆلىتىدىن كەلگەن. ئۇ دۆلەت ھونلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئاپاكبۇ زامانىغا كەلگەندە يوقىتىلىپ، پەقەت ئۇن يەتتە ئوغۇل بالا ساق قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بۆرىدىن تۇغۇلغان بالىسى ئىچىنىشتۇ ياز ئىلاھىسىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. يەنە بىرى قىش ئىلاھىسىنىڭ قىزىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ يامغۇر ياغدۇرۇپ، شامال چىقىرالايدىكەن. ئۇنىڭدىن تۆت ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئاق ياۋاغازغا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. بىر ئوغۇلنىڭ دۆلىتى ئاباقان دەرياسى بىلەن كېم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، نامى قىرغىز ئىكەن. يەنى بىر ئوغۇلنىڭ دۆلىتى چۇاكېم دەرياسىنىڭ بويىدا بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى باش چۇاكېمىش تېغىنى ساقلاپ تۇرىدىكەن. تاغ ئارىسىدا ئاپاكبۇ ئۇرۇغىدىكىلەر ياشايدىكەن. ئۇلار چوڭ ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرك دەپ نام بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ناتولۇش بولۇپ، ئۇمۇ ئۇن خوتۇن ئاپتۇ. تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىپتۇ.

① بۇ رىۋايەت «جۇ سۇلالىسى تارىخى» دىكەن كىتاپتىن ئېلىندى.

ئاشناشىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك خوتۇندىن تۇغۇلغان ئۈچىنچى بالا ئىكەن. ئۇ دەرەخكە ھەممىدىن بەك ئىگىز سەكرەپ ئېسىلغانلىغى ئۈچۈن ناتولۇشىنىڭ خان ۋارىسى بوپتۇ ۋە ئاشناشىر دەپ نام ئاپتۇ.

## پىڭ لياڭ ئارىلاشما غوز (胡) لىرى ھەققىدىكى رىۋايەت①

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭ لياڭلىق غوزلار بولۇپ، ئۇرۇغىنىڭ ئىسمى ئاشنا ئىكەن. كېيىن ۋېي خانلىغىنىڭ تەيۋۇ خانى قۇتقۇ ئۇرۇغىدىكىلەرنى يوقاتقاندا، ئاشنا ئۇرۇغىدىكى بەشيۈز ئائىلىلىك جورجانلار زىمىنىگە بېرىپ، ئۇزاق زامانلارغىچە ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) دا ياشاپ، تۆمۈرچىلىك قىلغان ئىكەن. ئالتۇن تاغنىڭ شەكلى تۈركە (دوبۇلغا) شەكلىدە بولغاچقا، ئۇلارمۇ تۈرك دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## ھەرخىل ئۇرۇقلارنىڭ قوشۇلۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت②

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئاشنا ئىسىملىك ئۇرۇق ئىكەن. ئۇلار خوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا ساق قاپتۇ. ئۇ

① بۇ رىۋايەت «سۇينامە» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.
② بۇ رىۋايەت «جۇنامە» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن چوڭ بوپتۇ. كېيىن بۆرە بالىدىن ھامىلدار بوپتۇ. ئوغۇل بالا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۆرە ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىسمى بار بولۇپ، ئاشىنا شۇلاردىن بىرى ئىكەن. ئۇلار-نىڭ ئەۋلادلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، نەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تاغ غارلىرىدىن چىقىپ جورجانلارغا تەۋە بوپتۇ ۋە ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ماكانلىشىپتۇ.

## دىڭىز ئىلاھىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھەققىدىكى رىۋايەت①

تۈركلەرنىڭ ئەجداد ئاتىسى شىمۇشىرى دىڭىز ئىلاھىسىنىڭ قىزىنى ئالغان. ئىلاھى قىزنىڭ ماكانى ئاشىد غارىنىڭ غەربىدە بولۇپ، شىمۇشىرى كېچىسى ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ، دىڭىز ياقىسىدىكى ماكانغا قايـتىشىدا ھەر قېتىم دىڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى ئۇنى ئاق بۇغا بىلەن ئاپىرىپ قويىدىكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر چوڭ كۆلەملىك ئوۋ قىلماقچى بوپتۇ. ئىلاھ قىز ئېرىگە مۇنداق دېگىلەپتۇ: «ئەتە ئوۋچىلىق

① بۇ رىۋايەت «جىيو ياڭدىكى ھەر خىل ئاچىلار» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

قالغىنىڭلاردا سىنىڭ ئەجدادىڭ تۇغۇلغان غاردىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بىر بۇغا چىقىدۇ. ئەگەر سەن ئاتقان ئوقيا ئوقى ئۇنىڭغا تەگسە بىز مەڭگۈ بىرگە ئۆتەيلى؛ ئەگەر تەككۈزەلمىسەڭ مۇناسىۋەتنى مەڭگۈلۈككە ئۈزۈۋېتەيلى.» ئەتىسى ئۇلار ئەتراپنى قورشاپ ئوۋ قىلىۋاتقاندا، دەرۋەقە ھېلىقى قىز دېگەن بۇغىنى ئۇچرىتىپتۇ. شىمۇشىرى بار ئامال بىلەن ئۇنى قورشىغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇغا قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمۇشىرى، قورشاقتىن بۇغىنى ئۆزى ساقلاۋاتقان مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن چىقىرىۋەتكەن قەبىلە باشلىقى ئاز قاتارلىقلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، تەگرىگە قۇربانلىق قىپتۇ. شىمۇشىرى ئۆزىنىڭ ماكانىغا قايتىپ كەلگەندە، دېڭىز ئىلاھى: «سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، سىنىڭدىن قان ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز مەڭگۈلۈككە ئادا - جۇدا بولۇپ كېتەيلى» دەپتۇ.

## «ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئوغۇز» رىۋايىتى①

موڭغۇل يۇرتىنىڭ كونىپېتىشىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇ «قۇت تاغ» دېيىلىدىكەن. بۇ تاغنىڭ بىر تەرىپىدە ئون ساي، يەنە بىر تەرىپىدە توققۇز ساي

① بۇ رىۋايەت خىۋە خانى ئوبۇلغازىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

بار بولۇپ، ھەممىسىدە ئۇلۇغ سۇ ئاقىدىكەن. ئۇيغۇر-لار ئىلى ئەنە شۇ سايلارنىڭ ئارىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئون ساي تەرەپتە ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆزلى-رىنى «ئون ئۇيغۇر» دىسە، توققۇز سايدا ئولتۇراق-لاشقانلىرى ئۆزلىرىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ئاۋات، ئېتىز - يايلاقلىرى كەڭ ۋە مۇنبەت ئىكەن. ئۇلار بىر يۈز يىگىرمە ئۇرۇقنى تەشكىل قىلىدىكەن، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستە-قىل بولۇپ، بىر پادىشالىققا بىرلەشمىگەن ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلار ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلۇپ، قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ: بىز ئىككىگە بۆلۈنگەن ئەلمىز، ھەر قايسىمىز بىر كىشىنى «توغران» (خان) قىلايلى، كىمكى ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىسە شۇ كىشى مال-مۈلۈك، ھەتتا بېشىدىن ئايرىلسۇن، دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ-دىن كېيىن ئون ئۇيغۇرلار «مەڭگۈ باش» ئاتالىق كىشىنى توغران قىلىپ كۆتىرىپ، «ئەل ئىلتەر» دەپ نام بېرىپتۇ. توققۇز ئوغۇزلار يەنە بىر كىشىنى توغران-لىققا كۆتىرىپ، «كۆل ئەركىن» دەپ نام قويۇپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى يۈز يىللارچە توغرانلىق قىپتۇ ۋە كۆپ يىللارغىچە خانىنىڭ نامى شۇ تەقلىتتە يۈرگۈزۈ-لۈپتۇ. كېيىنرەك ئۇلاردىن كىم توغران بولسا، شۇ كىشىنى «ئىدىقۇت» دىگەن نام بىلەن ئاتايدىغان بوپتۇ.

# ئىدىقۇت رىۋايىتى①

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئاساس قىلىپ، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىنىمۇ ئۆز دائىرىسىگە ئالغان ئىدى. ئۇلار بۇ جايلاردا مال باقىدىغان گۈزەل يايلاقلارنى، ئارام ئالىدىغان ھەشەمەتلىك شەھەرلەرنى بىنا قىلدى. دەسلەپتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشالىرىنى تۈركچە «ئارسلانخان» دېگەن نام بىلەن ئاتايتتى. كېيىنچە ئۇلار چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ، پادىشالىرىنى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتايدىغان بولدى. «ئىدىقۇت» قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بولۇپ، «ئىدى» سۆزى «مۇقەددەس» دېگەن مەنىنى، «قۇت» سۆزى «بەخت»، «ئالەملەرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئىككىسى قوشۇلۇپ، «مۇقەددەس پادىشا»، «مۇقەددەس بەخت ئىگىسى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىنىمۇ «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىدى.

① بۇ رىۋايەت «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

# خوتەن ئاق سېپىل رىۋايىتى ①

ئاسۇكاخان ئاتىتمىق غەزەپلىنىپ ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ، شاھزادىنى سۈرگۈن قىپتۇ. ئۇ قوۋملىرىنى باشلاپ شىمالدىكى تاغدىن ئۆتۈپتۇ، چۆل - جەزىرىلەردە قونۇپتۇ. ئادەم مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، بۇ ماكانىنىڭ غەربىدىكى قىرغاققا كەپتۇ، تۆرىلەرنى تىكلەپتۇ، ئۆزى خان بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شەرقىي ئەل شاھزادىسى قاچاقلارنى ئەيىپلەش ئۈچۈن شەرقتىكى قىرغاققا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئۆزىنى خان دەپ جاكالاپتۇ. ئايلار، پەسىللەر ئۆتۈپتۇ. دىن ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە بۇ ئىككى شاھزادە چىقىشاماپتۇ. ئۇلار ھەمىشە يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋاقىتلاردا چاتقاللىقلاردا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆز ئارا جەمەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشىدىكەن. خوجايىنلىق تالاشىپ، گەپ - سۆز تەگىشىدىكەن، بىر - بىرلىرىگە قورال تەڭلىشىدىكەن ... شۇنداق قىلىپ سۈبھى كۆتىرىلگەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەڭ باشلىنىپتۇ. نەتىجىدە غەرپ خانى يېڭىلىپ، شەرق خانى غەلىبە قىپتۇ.② غەرپ خانى ئۆز ئېلىدىن مەھرۇم بولغانلارنى يەنە توپلاپتۇ، پايەتەختىنى ئوتتۇرا رايونغا كۆچۈرۈپ سېپىل بىنا قىپتۇ

① بۇ رىۋايەت شۆەن جۇاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي ئەلگە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

ۋە دۆلەت قۇرۇپتۇ. خان پايتەخت قىلغان بۇ شەھەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن باشلاپ «ئاق سىپىل شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## خوتەن ئاق سېپىل شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت①

بۇرۇنقى زاماندا ھونلاردىن يۈز مىڭلىغان ئادەم كېلىپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، ئۇلار چاشقان دۆڭنىڭ يېنىدا بوزيەر ئاچىدۇ. كىرو-ستان خانى ئون مىڭلىغان ئەسكىرى بىلەن ھونلارغا تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ ... ھونلار دەرھال مەپىلەرنى قوشۇپ، ئاتلىرىنى ئەگەرلىمەكچى بولۇشىدۇ. لېكىن، ئەگەر، ساۋۇت، ئوقيا، مەپە جابدۇقلىرى قاتارلىق يىپ - شوينىسى بار ئەسكىرىي جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېتىلغۇلىرىنى چاشقانلار ئالدىقاچان قىرقىپ تاشلىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھونلار ئۆزلىرىدىن كۆپ ئاز بولغان كىرو - ستان ئەسكەرلىرىدىن يېڭىلىپ قايتقان ئىكەن.

## «يانلا» ئۆرۈگى ھەققىدە رىۋايەت②

كىرورەن شەھىرى قۇم ئاپىتىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئامان قالغان كىشىلەر لوپنۇر ئەتراپىغا كۆچۈپ، كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئورۇنلاشقان. شۇ چاغدا، ئۇلار ئۆز-

① يۇقۇرقى كىتابتىن ئېلىندى.

② بۇ رىۋايەتنى لوپنۇر ناھىيىسىدىن غوپۇراخۇن ئاكا ئېيتىپ بەرگەن.

لەرنى «يانلا»، «يان يانىلىقلار» (يان تەرەپتىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقۇچى) دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئۇرۇق ئەنە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى كۆيۈك، ئىككىنچى ئەۋلادى چاكار، ئۈچىنچى ئەۋلادى بەردى، تۆتىنچى ئەۋلادى قەزى، بەشىنچى ئەۋلادى يانلا ... ئىمىش.

## «قارا قوشۇن» رىۋايىتى①

ئوغۇزخاننىڭ چوڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان «قالاچ» كېيىنرەك لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ۋە ئۆز ئالدىغا بىر خانلىق قۇرۇپتۇ. ئۇلار ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەقسىتىدە بۈيۈك بىر قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، «قارا» نى ئۇنىڭ سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى «قارا قوشۇن» لۇقلار دەپ ئاتاپتۇ. بۇ نام «يۈكسەك قوشۇن»، «بۈيۈك قوشۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ قوشۇن بېشىغا پۆپەكى بار قارا بۆك، ئۈستىگە قارا ماتادىن كىيىم كىيگەن ئىكەن.

---

① بۇ رىۋايەتنى لوپنۇر ناھىيەسىدىن غوپۇرئاخۇن ئاكا ئېيتىپ بەرگەن.

## جۇداخلار ① ھەققىدە رىۋايەت ②

چىڭگىزخان دەۋرىدە موڭغۇللار بۇتقا تاۋاپ قىلمىش ئۈچۈن يىلدا بىر قېتىم تەبەتكە بارىدىكەن. ئۇلارغا يول ئۈستىدە لوپنۇردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەر-نىڭ ھەممە ئەتراپى چەكسىز دېڭىزدەك سۇ بولغاچقا كۆلنى كېسىپ ئۆتەلمەپتۇ. ئۇلار كۆلدىن ئۆتۈشنىڭ چارىسىنى تاپالماي تۇرغاندا، ئەتراپتىكى ئاراللاردىن كۆپلىگەن بېلىقچىلارنىڭ كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ھۈنەرگە بەك قىزىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلارنى چاقىرىپ كۆلدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. بېلىقچىلار ئۇلاردىن سوراپتۇ: «سىلەر نېمە ئادەم؟ نەگە بارىسىلەر؟» بۇلار: «بىز جۇداخلار، تەبەتكە بارىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلار بۇ جۇداخلارنى مال-مۈلكى، ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن قوشۇپ كېمىلەرگە سېلىپ، كۆلنىڭ شەرق تەرىپىگە ئامان - ئېسەن ئۆتكۈ-زۈپ قويۇپتۇ. جۇداخلارنىڭ ئاقساقىلى ئۇلارغا يەنە: «بىز ياشىغان جايلاردىمۇ دەريا - كۆللەر بار، بىراق

---

① جۇداخ — موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، جۇبۇت، داخ - تاۋاپ قىلمىش مەنىسىدە.

② بۇ رىۋايەتنى 1978 - يىلى لوپنۇرلۇق يەتمىش سەككىز ياشقا كىرگەن خەلق قوشاقچىسى ئۆزۈن مۇھەممەت ئېيتىپ بەرگەن.

بېلىق تۇتۇشنى بىلمەيمىز، بىزنىڭ بىر جۈپ پەرزەنتىمىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قالسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىزگە مانجا (بېلىق تورى) بەرسەڭلار» دەپ تەلەپ قىپتۇ. بېلىقچىلار ماقۇل بوپتۇ. بۇ بىر جۈپ بالىنىڭ بىرىسىنىڭ ئىسمى ئالاتولو، يەنە بىرىسىنىڭ ئىسمى چالاتولو ئىكەن. ئالاتولو بىلەن چالاتولو بېلىقچىلار ئارىسىدا چوڭ بوپتۇ، بالاغەتكە يېتىپ ئۆي - ئوچاقلىق بوپتۇ، كۆپ پەرزەنتلىك بوپتۇ. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى دۆڭقوتان ① ئەتراپىغا ماكانلىشىپ، بېلىقچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى جۇداخ دەپ ئاتىغاچقا، بۇ نام ئۇلارغا سىڭىپ قاپتۇ. تا ھازىرغىچە ئۇلار ئۆزلىرىنى بەزىدە جۇداخ، يەنە بەزىدە «لاي سۇلۇق مانجاچى» ② دەپ ئاتىشىدىكەن.

## «ئۆزبەك» نىڭ پەيدا بولۇشى③

چىڭگىزخاننىڭ بىرىنچى ئوغلى جوجىخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئون سەككىز ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللارنىڭ ئالتىنچىسىنىڭ ئىسمى شەيبانى ئىدى. ئۇ كېيىن خان

① دۆڭقوتان — لوپنۇر ناھىيەسىدىكى بىر رايوننىڭ نامى.

② تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى دۆڭقوتان ئەتراپىدا كەلكۈندە لايلىشىپ ئاققانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى كىشىلەر شۇنداق دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ بۇ جايدىكى بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئايرىم ئۇرۇق دەپ ئايرىپ «قالوچى» كە بىلىمىسى دەپ ئاتىشىدۇ.

③ بۇ رىۋايەت «تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.

بولدى. شەيبانىخان ئۆزىنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسىگە «ئۆز-بەك» دەپ ئات قويدى. ئۆزبەك چوڭ بولغاندا ئەمىر بولۇپ، پەرغانە ۋىلايىتى ۋە ماۋرا ئۇننەھىر شەھىرىگە ئىستىلا قىلىپ، ئەللىك تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈز-دى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئادالەت ئورنىتىلىپ، پۇقرالار كۆپ راھەت كۆردى. شۇ سەۋەپتىن خەلق ئارىسىدا ئۆز-بەك دىگەن نام ساقلىنىپ قالدى. ئۆزبەك خانىنىڭ كېيىنچە ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىپ، شۇندىن باشلاپ ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئۆزبەك» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

## قارا بۇغراخان رىۋايىتى①

قارا بۇغراخان دىگەن بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ، سۇ بويىدا بېيىت ئېيتىپ ئولتۇر-غان بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ. توي - تاماشا تازا قىزىغان مەزگىلدە تۇيۇقسىز ئۇرۇش باشلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا بۇغراخان ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىپتۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئۇ غالىپ چىقىپتۇ، ئەمما ئۆزى ئېغىر يارى-لىنىپتۇ. يولدا كېلىۋېتىپ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپتۇ. شۇندا

① «گۈلىستان» ژۇرنىلىنىڭ (ئۆزبەكچە) 1970 . يىل 11 - سانىدىن ئېلىندى.

كۈنچىقىش تەرەپنى كۆرسىتىپ: «ئەمدى جان قالدى، (جان تۈگىدى مەنىسىدە)، مېنى ئەنە شۇ تەرەپكە كۆمۈڭلار» دەپ جان ئۈزۈپتۇ. ۋەزىرلىرى قارا بۇغراخاننىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئۆزى كۆرسەتكەن جايغا دەپنە قىپتۇ. ئۇ يەر كېيىنچىرەك شەھەرگە ئايلىنىپ، «ئانداجان» نامى بىلەن ئاتىلىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز «ئەنجان» بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىكەن.

## خارەزىم ھەققىدە رىۋايەت ①

قەدىم زاماندا شەرقنىڭ پادىشاسى ئۆزىنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرىدىن تۆت يۈز كىشىنى جازالاپ، ئۇلارنى ئىنسان ياشايدىغان جايدىن يۈز پەرسەخ (پەرسەڭ) ② نېرىغا ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پادىشا ئۇ جايغا سۈرگۈنلەرنىڭ ھال-ئەھۋالىنى بىلىش مەقسىتىدە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. پادىشا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ كىشىلەر سۈرگۈنلەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قانال قېزىپ چۆلگە سۇ باشلاپ، تېرىقچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋات-

① بۇ رىۋايەت تولستوينىڭ «قەدىمقى خارەزىم مەدەنىيىتىنى ئىزلەپ» دېگەن كىتاۋىدىن ئېلىندى.

② پەرسەخ (پەرسەڭ) — تارىختا ئەخمىنەن يەتتە - سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق مۇساپە ئۆلچىمى.

قانلىغىنى، ئوت - چۆپلىرى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇلار گۆشنى نىمە دەپ ئاتىشىدىكەن؟» دەپ سوراپتۇ. «خار» دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ ھېلىقى كىشىلەر. «ئوتۇنىچۇ؟» دەپ سوراپتۇ پادىشا. «رەزىم» دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ ئۇلار.

پادىشا بۇ جاۋاپلارنى ئاڭلاپ شۇنداق دەپتۇ: «ئۇنداق بولسا، بۇ جاينىڭ نامى بۇنىڭدىن كېيىن «خارەزىم» دەپ ئاتالسۇن.

## شەھرى كېتىك رىۋايىتى①

شەھرى كېتىك تۇم ئاستىدا قالغاندىن كېيىن، قۇم ئاپىتىدىن ئامان قالغان خالايىق ئايدىڭكۆل ۋە كۆسەندە كۆن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەردەۋىلدە قۇرغاقچىلىق بالاسى يۈز بەردى، ئاچارچىلىق ئازاۋى جانغا سانچىلدى. كۆسەن خەلقى توپلىنىپ ئەردەۋىلگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى خالايىق بىلەن بىللە سۇ بوغۇزىغا كەلدى، قارىغۇدەك بولسا دەريا سۈيى ناھايىتى پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ، شەھەرگە سۇ چىقىرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يىراق، ئاخىرى ھەممە خالايىق تاش - تۇپراق توپلاپ دەرياغا تاشلاشقا باش-

① بۇ رىۋايەت شىنجاڭ داشۆدە بېسىلغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەزكىرىسى» دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

لىدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسى سۇغا لىق تولدى، دەريا بۆلۈنۈپ ئەردەۋىل تەرەپكە ئاقتى، سۇنىڭ مەۋجىدە بىر موللا بىلەن بىر موغۇل ئېقىپ كەتتى، خەلقنىڭ پېشۋاسى خالايىققا قاراپ: «موللىنى تۇتۇۋېلىڭلار، موغۇل ئاقسۇن» دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «ئاقسۇن» دەپ ئاتالدى. كېيىن ئاستا - ئاستا «ئاقسۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

## «ھەزرىتى موللام» مازىرى①

«ئازىق دارىسى» نىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بىر قىزىل تاغ بار بولۇپ، ئۇ تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدە «ئەجدىھا ئۇۋىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن، يېتۈك موللام مەھمۇتنىڭ دەۋرىدە شۇ ئورۇندا ئەجدىھا بار بولۇپ، ئۇ دائىم موللام بېغى كەنتىنىڭ خەلقى ۋە مال - ۋارانلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇپ كېتىپ، يۇرتقا ۋەھىمە سالىدىكەن. پۇقرالار ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنالمىغانلىقتىن، ئۇلار يۇرت ئۆلىماسى مەھمۇتتىن ئەجدىھانى يوقىتىش ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن موللام ئۆز خەلقىنى ئەجدىھانىڭ ھالاك قىلىشىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىككى يېنىغا ئىككى تال قىلىچنى باغلاپ ئەجدىھاغا تاقابىل تۇرماق بوپتۇ. ئەجدىھا دەم

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.

تارتقاندا موللامنىڭ ئىككى يېنىغا باغلانغان قىلىچ ئەجدىھانىڭ ئىككى جاۋغىيىنى تىلىپ ئىككى بۆلەك قىلىپ، ئۇنى هالاك قىپتۇ. موللامۇ ئەجدىھانىڭ زەهىرى تەسىرىدىن ۋاپات بوپتۇ. بۇ تاغ شۇنىڭدىن باشلاپ «هەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەجدىھانىڭ خەتىرىدىن قۇتۇلغان يۇرت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بۇ دانىشمەن ئالىمىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ چوڭ مازارنى «هەزرىتى موللام مازىرى» دەپ ئاتاپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان بۇ ئۇلۇغ مازارنى تاۋاپ قىلىپ كەپتۇ. بۇ مازارنىڭ ئەتراپلىرى ئالىمىنىڭ شەرىپىگە «هەزرىتى موللام بېغى» دەپ ئاتىلىدىكەن. كېيىنكى زامانلاردا «هەزرىتى موللام مازىرى» نىڭ نامىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، «هەزرىتى مەۋلانە شەمسىددىن ئەللام مەهمۇدىيە» دەپ ئاتاشقان ئىكەن.

## بۈبى راهىبە رىۋايىتى ①

پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە هاۋاسى ساپ، تەبىئى مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي بار بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ نامى ئوپال (opal) ئىكەن، ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سۈزۈك چەشمە بۇلاق بويىدا «ئازىق» (aziq) دېگەن بىر خاسىيەتلىك جاي بار بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «ئا-

① يۇقۇرقى ژورنالدىن ئېلىندى.

زىق دارىسى» دەپ ئاتايدىكەن، بۇ يەردە بۈبى رابىيە
ئىسىملىك ئىنتايىن ئەقىللىق، دانا ۋە ئوقۇمۇشلۇق بىر
قىز بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ دانىشمەن قىز
دادىسى خوجا سەيپىددىن بىلەن ئۆي چۆلپانلىدىكى بېغىدا
ئانار ئۈزۈپ يۈرگىنىدە، شىكاردىن قايتقان قارا خانى-
لارنىڭ خان جەمەتىدىن ھۆسەيىن ئاتلىق زاتىنىڭ ئۇ
قىزغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرى-
كىگە ئوت تۇتىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆسەيىن يېنىدىكى
بىر خىزمەتچىسىنى بۇ ساھىپجامال قىزنىڭ يېنىغا «ئۇس-
سىلىق سۇ سوراپ كەل» دەپ ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن بۈبى رابىيە سۇ ئورنىغا بىر قانچە ئانارنى بىر
قاچىغا سىقىپ بېرىپتۇ، ھۆسەيىن بۇ ئانار سۈيىنى ئىچىپ
ناھايىتى راھەت ھىس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆسەيىن
بۇ يۇرتقا «ئانار سېلىقى» ساپتۇ ھەممىدە بۇنىڭدىن
كېيىن سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچىش نىيىتىگە كەپ-
تۇ، بۇنداق قىلىشىنىڭ پۇقراغا زۇلۇم سېلىش ئىكەنلى-
كىنى چۈشەنگەن بۈبى رابىيە ھۆسەيىنگە دەرھال كىشى
ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بۇ ناتوغرا پىكرىنى رەت قىلىپ تەن-
بىھ بېرىپتۇ، ھۆسەيىن ئاخىرى ئوردىغا قايتىپ كېلىپ،
بۈبى رابىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ.
شۇندا ئەقىللىق رابىيە ھۆسەيىننىڭ قايسى ئىلىم-
ھۈنەرنى بىلىدىغانلىقىنى سوراپ، ئۇنى توي قىلىشىنىڭ

ئاساسي شەرتى قىلىپ قويۇپتۇ ۋە ھۈسەيىننىڭمۇ ئۆزىگە
ئوخشاش ئىلىم-ھۈنەرگە ھېرىسمەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى
ئەكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن توي
قىلىشقا رازى بوپتۇ. بۇبى رابىيە ھۈسەيىن بىلەن توي
قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەزى چاغلاردا دۆلەت ئىشى
بىلەن ئانچە كارى بولماي يۈرگەنلىكىنى سېزىپ ئۇنىڭغا:
«بېشىڭىزدىكى تەۋەك سىڭايان بولۇپ، نان ئۆكتۈرۈ-
لۈپ كېتەي دەۋاتىدۇ» دېگەن ئالاھكور دىيە ئارقىلىق
ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپتۇ ھەمدە ھۈسەيىنگە ئىلىم-
ھۈنەر ئۆگىنىش، پۇقرانىڭ دەردى-ئەھۋالىغا يېتىش
توغرىسىدا داۋاملىق تەربىيە بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىر-
لەنگەن ھۈسەيىن خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن
ھەر دائىم پۇقراچە ياسىنىپ، شەھەر-قىشلاقلارنى ئارى-
لاپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ياخشىلارغا قەست
قىلغۇچى يامان ئادەملەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قاپتۇ،
لېكىن بۇبى رابىيەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆگەنگەن
ھەر خىل ئىلىم-ھۈنەرلىرىنىڭ شاپائىتى ئارقىسىدا
يامانلارنىڭ دامىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن بىر
يىل ئۆتۈپ بۇبى رابىيە مەھمۇت ئىسىملىك رۇستەمدەك
بەستلىك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇبى رابىيە زېرەك، پارا-
سەتلىك ۋە دانا ئايال بولغاچقا، ھۈسەيىنمۇ ئۆز بېشى-
دىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقلار ئارقىلىق ئىلىم-ھۈنەر-

نىڭ ئىدىرىگە يەتكەچكە، بالىسى مەھمۇتنى كىچىكىدىنلا ئىلىم - ھۈنەرگە ھەۋەسكار قىلىپ تەربىيلەپتۇ. مەھمۇت بالا چېغىدا ئۆيدە، كېيىن قەشقەردە ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى ① قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن ئىلىم ئۆگىنىپ، شۇ دەۋرنىڭ يېتۈك ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن ئىكەن.

## «مۇق يولى» رىۋايىتى ②

قاراخانىلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ئوردا ئىچىدە ئۆز ئارا ھوقۇق تالىشىپ ھېساپسىز قىرغىنچىلىق بالاسى يۈز بېرىپتۇ. مەھمۇتنىڭ دادىسى ھۈسەيىن مۇشۇ قىرغىنچىلىقتا قازا تېپىپتۇ. بەختكە يارىشا ئامان قالغان ئالىم مەھمۇت بۇ يەردە تۇرسا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئانىسى بۈبى رابىيەنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پامىردىكى «مۇغ» قەلئەسى ئارقىلىق باغداتقا يول ئاپتۇ. بۇ يول ئادەتتە كىشىلەر يۈرمەيدىغان، پەقەت قۇشلارلا ئۆتەلەيدىغان خەتەرلىك يول بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى «قۇش يولى» ئىكەن. شۇ سەۋەپلىك بىر ئۆتكەلدىن ئۆتكەن كىشىلەر خەلق ئېغىزىدا

① شەيخ ئىمام زاھىد ھۈسەيىن بىن خەلەف كاشغەرى ھەققىدە «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە بىرىنچى توم 456 - بەتتىكى مەلۇماتلارغا قارالسۇن. بۇ زاتنىڭ مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىدىكى قازىرىق (قازى ئېرىق) دېگەن جايدا ئىكەنلىكى مەلۇم.

② يۇقىرىقى زورنالدىن ئېلىندى.

داستان بولۇپ، ئۇلارغا پالانى مۇق، پۇستانى مۇق
(ئەسلىدە «مۇرغ» بولۇپ فارسچە سۆز، مەنىسى قۇش
دېمەكتۇر) دەپ لەقەم بېرىلىدىكەن. مەھمۇت بۇ يولدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ئۆتكەلنى «ھەزرىتى مۇق
يولى» دەپ ئۇلۇغلاشقا باشلاپتۇ. مەھمۇت كەتكەندىن
كېيىن ئانىسى بۈبى رابىيە ئۇزاق كۈتۈپتۇ، ئۇزۇن يىل-
لارغىچە مەھمۇتتىن خەۋەر بولمىغاچقا، بۈبى رابىيە شۇ
«مۇق يولى»غا قاراپ بالىسىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ ۋە
ئاخىرى بالىسىنىڭ دەردىدە ۋاپات بوپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ ئەل - يۇرتى «مۇق يولى» غا ئۆتىدىغان
چوڭ يول بويىدىكى «كۆۋرۈك بېشى» دىگەن يەرگە بۈبى
رابىيە مازىرىنى تىكلەپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇنى
«ئەۋلىيالار مازىرى» قاتارىدا ئۇلۇغلاپ كەپتۇ.

## «نورۇز بۇلاق» رىۋايىتى ①

مەھمۇت قەشقەرى «مۇق يولى» ئارقىلىق باغ-
داتقا ئۆتۈپ، ئۇ يەردە ئۇزۇن يىللار ئىلىم تەھسىل
قىلغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى
ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، ئازىقتا سەككىز يىل مۇددە-
رىسلىك قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن تالىپلىرى بار
بولۇپ، ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا ئۆز تالىپلىرىنى ئەگەش-
تۇرۇپ يۇرتىدىكى چەشمە بۇلاققا چىقىپ، ئۆزئارا نو-

① يۇقۇرقى ژورنالدىن ئېلىندى.

روزلۇق، غەزەل بېيىتلار ئالماشتۇرۇشۇپ سەيلە قىلى-
شىدىكەن، شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ بارى-
دىكەن. تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىمۇ
شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي-
نىڭ نامى «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتىلىپتۇ، نورۇز بۇلاق-
نىڭ خاسىيىتى ئەتراپقا تارىلىپتۇ، تەرەپ - تەرەپلەر-
دىن، يىراق شەھەرلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى ئۆلى-
مالار، تالىپلار شۇنىڭدىن بېرى بۇ جاينى «ئىلىم بۇلى-
غى»، «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم بۇلىغى» دەپ ئۇلۇغ-
لاپ، «نورۇز بۇلاق»نى زىيارەتگاھ قىلىشىپتۇ. كېيىنكى
ئۆلىما - ئالىملارمۇ ئەنە شۇ ئادەت بويىچە ئۆزلىرى
تەربىيىلىگەن تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۇنۋانى
بېرىش مۇراسىمىنى مۇشۇ «نورۇز بۇلاق»تا ئۆتكۈزۈپ،
ھەزرىتى موللام (مەھمۇت قەشقەرى) دىن ئىجازەت
ئېلىش ئادەت بولۇپ قالغان ئىكەن.

## «بىرنى بىر دىگۈلۈك» رىۋايىتى ①

ھىدايىتۇللا ئىشان جۇڭغار خانى غالدان سىرىن-
نىڭ قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، ئىسمائىلخاننىڭ قولىدىن
يەركەن خانلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، پۇقرا-
لارغا ئېغىر زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردا جۇڭ-

① بۇ رىۋايەتنى شىنجاڭ داشۆدىكى ئابدۇرىشىت دامولام ئېيتىپ بەرگەن.

غارلار قىزىل تۇچتىن ياسالغان داچەن پۇلنى بىر پۇل
دەپ خەجلەيدىكەن. ھىدايىتۇللا غوجا جۇڭغارلارغا ئىما-
تىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن
قول ئاستىدىكى پۈتۈن جايلارغا «بىر پۇلنى ئىككى پۇل
ئورنىدا خەجلەش» توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىپتۇ ۋە شۇ
پۇل بىلەن ئۆزىگە ياردەم بەرگەن غالدان قوشۇنلى-
رىنى باي قىلىشنى ئويلاپتۇ. بۇ بۇيرۇققا ئالدى بىلەن
خوتەن خەلقى قاتتىق نارازى بولۇپ، بىر پۇلنى ئىككى
دېيىشكە زادى ئۇنىماپتۇ. بۇيرۇقنى ئۆتىمىگەن ھىدايىتۇللا
غوجا خوتەن خەلقىغە ھەيۋە قىلىپ ئۇلارنى بىر ئەدەپ-
لەپ قويۇش مەقسىتىدە، پۈتۈن پۇقرانى بىر مەيدانغا
توپلاپتۇ، قىرىق نەپەر يۇرت ئاقساقىلىنى ئوتتۇرىغا
سۆرەپ چىقىپ: «بىر پۇلنى ئىككى دەمسەن - دېمەي-
سەن؟» دەپ سوراقلاپتۇ. «خۇدامۇ بىر، بىر پۇلمۇ
بىر، بىرنى ئىككى دېسەك خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، شۇڭا،
بىرنى بىر دېگۈلۈك» - دەپ قارشىلىق قىپتۇ ئۇلار.

جۇڭغارلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ: «ئەگەر يەنە
جاھىللىق قىلىپ قايسىڭ بىر پۇلنى ئىككى پۇل دېمە-
سەڭ ئۆلتۈرىمىز» دەپ ئۇلارنى قورقۇتماقچى بوپتۇ
ۋە بىر - بىرلەپ سوراپتۇ. كىمدىنلا سورىسا «بىرنى بىر
دېگۈلۈك» دەپ سۆزىدىن زادى يانماپتۇ. شۇ جايدىلا
بىرنى ئىككى دېمىگەنلەرنىڭ باشلىرىنى ئاپتۇ، ئارقا-

ئارقىدىن ئوتتۇز توققۇز كىشىنىڭ بېشى كېسىلىپتۇ. قىرىقىنچى كىشىگە كەلگەندە يەنە سوراپتۇ، ئۇ كىشىمۇ جۇڭغارلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «بىرنى بىر دىگۇ-لۇك» دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۇنىڭ بېشىمۇ دەرھال كېسى-لىپتۇ. شۇ چاغدا مەيداندا چۇقان كۆتىرىلىپ، «بىرنى بىر دىگۇلۇك!» دىگەن شوئار ساداسى كۆكنى لەرزىگە ساپتۇ.

## «تارانچى» رىۋايىتى ①

مۇنبەت ئىلى زىمىنىنى ئىگەللىۋالغان جۇڭغارلار تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەچچە ئون مىڭلىغان چېرىكلىرىنىڭ قوسىقىنى بېقىش ئۈچۈن يەر تېرىغۇچى دىخانلارغا ھاجىتى چۈشتى، بۇنىڭ-دىن بۇرۇن ئۇلار يەرلىك دىخانلارنى قىرىپ تاشلىغان ئىدى. نەتىجىدە ئالتە شەھەردىن ئون مىڭلىغان دىخان مەھبۇسلىرىنى مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا ھەيدەپ كېلىپ، بۇ يەردە يېڭى يەر ئاچقۇزۇپ دىخانچىلىق قىل-دۇردى. ئەنە شۇ يەر تېرىغۇچىلارنى كەمسىتىپ «تاران-چى» دەپ ئاتاشتى. شۇندىن باشلاپ ئىلىدىكى بۇ دىخان-لارنىڭ نامى «تارانچى» بولۇپ قالدى. بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدا «يەر تېرىغۇچى» دىگەن مەنىنى بېرەتتى.

① بۇ رىۋايەت ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» ناملىق روما-نىدىن ئېلىندى.

## هېيتكار توغرىسىدا رىۋايەت ①

قەشقەردە گۈلى رەنا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئايال پاكىستانغا كېتىۋېتىپ، يولدا ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن مال - دۇنياسى بار ئىكەن. بۇ ئايالنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە قالغان مال-دۇنياسى بەدىلىگە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر جامە سالدۇرۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا «هېيتكار» دەپ نام بېرىپتۇ. كېيىنرەك زۇلپىيەخان ئاتلىق بىر باي خوتۇن ھەج قىلىش ئۈممىدىدە نۇرغۇن پۇل توپلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بىراق، بۇ چاغدا ئىران خانلىقىدا ئۇرۇش قوزغىلىپ مەككىنىڭ يولى ئېتىلىپ قالغاچقا، يېرىم يول-دىن قايتىپ قەشقەرگە يېنىپ كەپتۇ. شۇندىن كېيىن قولىدىكى بارلىق مال - دۇنياسىنى هېيتكارنى كېڭەي-تىپ ياساشقا تەقدىم قىپتۇ. نەتىجىدە هېيتكار جامەسى قايتىدىن كېڭەيتىلىپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىپ-تۇ. ئۇ ئايال يەنە قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى پاختەك-لى يېزىسىدىن نۇرغۇن يەر سېتىۋېلىپ، هېيتكار جامە-سىگە ۋەخپە قىلىپ بېرىپتۇ.

① بۇ رىۋايەت «شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل 20 - ئاۋغۇست سانىدىن ئېلىندى.

## «خامى گۇا» (قۇمۇل قوغۇنى) ھەققىدە رىۋايەت①

قۇمۇل ۋاڭلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ خانىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەر يىلى بىر نەچچە قېتىم ئۆز تەۋەلىكىدىكى قىممەتلىك يەرلىك مەھسۇلات-لارنى «تارتۇق» قىلىش ئادىتى بار ئىكەن. بىر قېتىملىق تارتۇق قىلىنغان مەھسۇلاتلار ئىچىدە پىچاننىڭ داڭلىق ھون قوغۇنىمۇ بار ئىكەن. چيەنلۇڭ خان بۇ قوغۇنلارنى تېتىپ كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ ۋە يېنىدىكى ۋەزىرىدىن: «بۇ شىرنىلىق مېۋە قەيەرنىڭ مەھسۇلاتى؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرى: «بۇ قۇمۇل ۋاڭى سوغا قىلغان قوغۇن» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇندا چيەنلۇڭ خان: «ھە، خامى گۇا دىگىنە» دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىچكىرىدە شىنجاڭ قوغۇنلىرىنىڭ ھەممىسى «خامى گۇا» دىگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، داڭقى ئالەمگە يېيىلىپتۇ.

## كىرورەن شەھىرىنى كىم تاپقان؟②

مىلادى 1900 - يىلى شۋىتسىيە ئېكسپېدىتسىيە-چىسى سىۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە لوپنۇر رايونىغا كەلگەن. ئۇنىڭغا

① بۇ رىۋايەت «شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل 9 - ئىيۇل سانىدىن ئېلىندى.

② بۇ رىۋايەت «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 17 - ئاپرېل سانىدىن ئېلىندى.

ئېرتىك (ئارتىق) ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر يولباشلىغۇچى بولۇپ، لوپنۇر كۆلى ئەتراپلىرىنى تەكشۈرۈشكە ماڭىدۇ. يولدا ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، تۇلۇمغا قاچىلانغان مۇز ئېرىپ كېتىپ، ئېقىپ تۈگەشكە باشلايدۇ. ئۇلار چۆل - جەزىرىدە ھالاك بولماسلىق ئۈچۈن، بىر نەچچە تۈپ توغراق ئۆسكەن ئويمانلىقتىن قۇدۇق كولاپ سۇ چىقارماقچى بولۇشىدۇ. بىراق ئۇلار قۇدۇق كولىغۇدەك بىرەر قورال - سايمان ئېلىۋالمىغان ئىكەن. ئاخىرى ئېرتىك ئاتلىق كەينىگە يېنىپ، قۇدۇق كولاشقا قونالغۇ جايدىن سايمان تېپىپ كېلىشكە ماڭىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قاتتىق بوران چىقىپ، ئېرتىك يولدىن ئادىشىپ قالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئىگىز بۆت مۇنارىسى بار تالاسىملىق قاتمۇ - قات خارابىلىققا دۇچ كېلىدۇ. سوتىكلاپ بىر تېمىم سۇ ئىچمىگەن ئېرتىك مىڭبىر تەسلىكتە نىشانىنى تېپىپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىدۇ. قۇدۇق قازىدىغان سايمانىنى ئېلىپ، ئاخىرى ھەمراھلىرىنى تېپىپ، سۋىن ھىدىنغا يولدا كۆرگەن كارامەتلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۋىن ھېدىن ئىنتايىن خوشال بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەكشۈرمەكچى بولغىنى دەل مانا شۇ كىرورەن شەھىرى خارابىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئېرتىكنىڭ يولباشچىلىقىدا بۇ تالاسىملىق خارابىلىققا كېلىپ تەكشۈرۈپ، تېخى ھېچكىمگە

مەلۇم بولمىغان، مىڭ يىللار داۋامىدا غەپلەتتە ياتقان قەدىمىي كىرورەن شەھىرىنى تاپىدۇ. سۋېن ھېدىن شۇڭا «ئېرتېكىنىڭ قۇدۇق كولايدىغان سايمانىنى ئىزلەپ مېڭىشى، بىز ئۈچۈن بەخت-تەلەي ئېلىپ كەلدى. ئۇ، قۇدۇق كولايدىغان سايمانىنى ئىزلەپ ماڭمىغان بولسا، ئاسىيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تارىخىنى يورۇتقان بۇ مۆجىزىنىڭ تېپىلىشى ئېھتىمال ھازىرغىچە مۇمكىن بولماس ئىدى» دېگەن.

## «يەركەن» دېگەن نام ھەققىدە رىۋايەت①

مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام تارقاتقىلى كەلگەندە، ئۇيغۇرلاردىن باشقا يۇرتتىكىلەر خېلى جاھىللىق قىلىپ، كۆپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. يەركەنلىكلەر بولسا ناھايىتى ئاسانلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىپتۇ ھەم ئىسلام تارقاتقىلى كەلگەنلەرنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ ئەزىزلىگەنمىش. شۇ سەۋەپتىن ئىسلام تارقاتقۇچىلار «بۇلار بىزگە ياركەن» دەپ ئاتىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتنىڭ ئىسمى «ياركەن» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئاستا-ئاستا بۇ سۆز «يەركەن» دېيىلىدىغان بوپتۇ.

① بۇ رىۋايەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدىن توپلاپ، رەتلەنگەن.

## ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ پەيدا بولۇشى

مىلادىيىدىن خېلى يىللار ئىلگىرى تۇرپاننىڭ يال-قۇنتاغ باغرى ياپ-يېشىل ئوتلاق ئىكەن. بۇ تاغدا دەقىيانۇس ئىسىملىك بىر بالا قوي باقىدىكەن. بۇ بالا قوي بېقىپ يۈرۈپ بىر پارچە خەت تېپىۋاپتۇ. بالا ساۋاتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، خەتنى كۆتىرىپ كېتىۋې-تىپ سەكسەن ياشلىق بىر بوۋايغا ئۇچراپ قاپتۇ. قويچى دەقىيانۇس خەتنى ھېلىقى بوۋايغا كۆرسىتىپتۇ. بوۋاي خەتنى كۆرۈپ، بۇ خەتكە بىر غەزىنىنىڭ سىرى پۈتۈلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەقىيانۇس بۇ غەزىنىنى ئىزلەپ تېپىپتۇ ۋە بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى «ئىدىقۇت» («بەخت-سائادەتلىك شەھەر») دەپ قويۇپتۇ. ئۆزى بۇ شەھەرگە پادىشا بوپتۇ، بوۋاينى بولسا ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. ھازىرمۇ بۇ شەھەر خارابىسى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتالماقتا.

## «ئىشتاچى» دىگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

سۇلتان سوتۇق بۇغراخان بىر قېتىم غازاتتىن قايتىشىدا، ھازىرقى «ئىشتاچى» دىگەن تاغ باغرى-دىكى يېزىغا ناھايىتى كەچ كېلىپ قونماقچى بوپتۇ. بۇ يەر ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى جاي بولغاچقا ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، قاراۋۇل قويماي، بىر نەچچە ئىتنى ئەسكەر-

لەر ياتقان چېدىرنىڭ ئەتراپىغا باغلاپ قويۇپ خاتىر-
جەم ئۇخلاپتۇ. بۇ كېچە ئىتنىڭ قاراۋۇللۇغىدا تېپ - تېچ
ئۆتۈپتۇ. ئەتىسى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان ئۆز سەپىرىنى
داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ جاينىڭ نامى
«ئىت ئۈۋچى» (ئىت قاراۋۇللۇق قىلغان جاي) دىگەن
نام بىلەن ئاتىلىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ
ئىسىم ئۆزگىرىپ، «ئىشتاچى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## «ئامانشا» دىگەن ئىسىم توغرىسىدا

بۇرۇن پىچاننىڭ هازىرقى ئامانشا دىگەن مەهەل-
لىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قۇمتاغنىڭ تۆۋەن تەرىپى
شەهەر ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ناهايىتى قاتتىق
بوران چىقىپ پۈتۈن شەهەرنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ.
پەقەت هازىر «ئامانشا» دەپ ئاتىلىدىغان مەهەللىلا
ئامان قالغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر
بۇ جاينىڭ ئىسمىنى ئامان قالغان شەهەر (مەهەللە
مەنىسىدە) ياكى ئامانشا دەپ ئاتىغان ئىكەن. هازىرمۇ
شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## «زەر ئەپشان» توغرىسىدا

بۇرۇنقى زاماندا يەركەن پادىشاسىنىڭ بىر مەلىكىسى① بار ئىكەن. ئۇ ئاجايىپ گۈزەل ۋە غارايىپ كۈچتۈڭگۈر ئىكەن. ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرسە تاغلار تىترەپ، دەريالار دولقۇنلىنىپ شاۋقۇن سالىدىكەن، يەر-زېمىن لەرزىگە كېلىدىكەن.

«بىر جۈپ مۈڭگۈزۈم بىلەن دۇنيانى تىرەپ، ئويۇنچۇقتەك ئوينىتىمەن» دەپ لاپ ئۇرغان قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر، پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەركەن زېمىنىغا ئاياق باسقان كۈنلەردە، بۇ مەلىكە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ قەدىمىي ئوردىسى — قۇم باسقان لەڭگەردىن ئەسكەر تارتىپ چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توساپتۇ. قاتتىق ئېلىشىش جەريانىدا مەلىكە ئىسكەندەرنىڭ تۈمەنىنىڭ ئەسكىرىنى مەغلۇپ قىپتۇ. قانلار دەريا بولۇپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرى شۇ قان دەرياسىدا چايقىلىپ، ئالتۇن دەرياسىنى ھاسىل قىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەريانىڭ ئىسمى «زەرگەپشان» (ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا) دەپ ئاتىلىپتۇ.

---

① بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى سۇلقىسۇما ئىكەن، بۇ ۋەقە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 30- يىللىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن. بۇ ھەقتە بىر گەرەپ تارىخچىسىنىڭ «تارىخىي جەمئىيە» ناملىق ئەسىرىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ رىۋايەتنى قۇم باسقان لەڭگەرنىڭ يېنىدىكى كالتىلا دېگەن يۇرتتىن يېشى توقساندىن ئاشقان رەھىم موللا دېگەن كىشى ئېيتىپ بەرگەن

## «يورۇڭقاش» ۋە «قاراقاش»

ئىلچى بازىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا كېچە-كۈندۈز توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇرۇن مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسى چوڭ ئېقىن بولۇپ، كېيىنچە بۇ دەريانىڭ سۈيى ئازلاپ، ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئېقىن قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلاپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ شەھەرگە ئايلىنىپتۇ. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ كىشىلەر كۈنچىقىش تەرەپتىكى دەريانى «يورۇققاش»، كۈنپېتىش تەرەپتىكى دەريانى «قاراقاش» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. كېيىنچە «يورۇققاش» سۆزى «يورۇڭقاش» قا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىكەن.

## «ئىمامى ئاسىمخان غوجام» ھەققىدە رىۋايەت

ئىسلامىيەت دەۋرىدە ئىمامى ئاسىمخان دەيدىغان بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. بۇ كىشى مۇشۇ جايدا ياشايدىغان سەمسۇۋۇل باشلىق دىنسىزلار بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلغان ئىكەن. سەمسۇۋۇل شۇنداق بەھەيۋەت ئادەم ئىكەنكى، ئۇنىڭ مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى يەتتە گەز كېلەرمىش، قىلىچ بىلەن بىرەر يېرىنى چاپسىمۇ چىۋىن چاققانچىلىك تەسىر قىلمايدىكەن. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا

شۇنداق قاتتىق جەڭ بوپتۇكى، بۇنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. ئىمامى ئاسمىخان غوجام دېگەن كىشى سەمسۇۋۇلنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ شۇ يەردە شېھىت بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ جەسىدى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملار بىلەن كۆمۈلۈپ چوڭ بىر دۆۋە بوپتۇ. بۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان يۇلغۇنلار كۆكلەپ چىقىپتۇ ھەمدە يەنە بىر تۈپ دەرەخمۇ ئۆسۈپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئىلىچى ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىپ قايتىشىدىكەن. ھازىر شۇمازار ۋە مازار ئەتراپىدىكى جايلار «ئىمامى ئاسمىخان غوجام» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىكەن.

## «جىيا» ① توغرىسىدا رىۋايەت

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۇلۇغ زات قاراڭغۇ تاغ تەرەپتىن ھاسىسىنى جىياپ باشتىن ئاياققا ماڭغان ئىكەن. بۇ زاتنىڭ ھاسىسى جىيغان ئىزدىن چوڭ بىر ئۆستەڭ ھاسىل بولۇپ، شاقىراپ سۇ ئېقىپتۇ. بۇ زات ھاسىسىنى جىياپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يانلىرىغا كەلگەندە، غايىپتىن بىر ئاۋاز چىقىپتۇ - دە، شۇ يەردە كېيىنگە قاراپ توختاپتۇ ھەمدە ھاسىسىنى شۇ يەرگە سانچىپ قويۇپ ۋاپات بوپتۇ. جەسىدى شۇ ھاسا تۈۋىگە

① جىيا — خوتەن رايونىدىكى بىر يۇرتنىڭ ئىسمى.

كۆمۈلۈپ، ھاسا ئۇنىڭ قەۋرى بەلگىسى بوپتۇ. بۇ يەرگە سۇ كەلگەندىن كېيىن باغۇ بوستانلىققا ئايلىنىپ، كىشىلەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايغا «جىيا» دەپ ئىسىم قويۇلۇپتۇ.

## دەريانى توسقان چوڭ تاش ھەققىدە①

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسمان ئىلاھى بىلەن يەر ئىلاھى ئوتتۇرىسىدا يەنە جەڭ باشلىنىپتۇ. يىراقتىكى بىر دەريانى يەر ئىلاھى ئاتۇشقا باشلاپ كەلگەندە، ئاسمان ئىلاھى غەزەپلىنىپ، خۇپىيانە ھالدا يەر ئىلاھىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. يەر ئىلاھى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىنىڭمۇ دۈشمەن قولىدا ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۇنى تاغ بۈركۈتىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىكەن.

ئاسمان ئىلاھى يەر ئىلاھىنىڭ ئوغلى تۇپراق باتۇرنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر ئىلاھى باشلاپ كەلگەن دەريانىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىغا بىر يوغان تاشنى توساپ قويۇپ، «ئىلاھلار ئەتتى، ئەرلەر ئاچالماس» دەپ، بەش بارمىقىنىڭ ئىزىنى تامغا قىلىپ

① ئاتۇش بىلەن سوۋېت چېگراسىدا بىر دەريا بولۇپ، ئۇنى يوغان بىر تاش توسۇپ تۇرىدىكەن، ئەگەر ئاشۇ تاش بولمىسا ئۇ دەريا ئاتۇش تەرەپكە ئاقار ئىكەن، بۇ تاش ئۈستىدە ئاسمان ئىلاھىنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى ھازىرمۇ بار ئىكەن.

بېسىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ئىلاھى ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ.

يەر ئىلاھىنىڭ ئوغلى — تۇپراق تا ھازىرغىچە شۇ تاغلاردا ھەسرەت چېكىپ، تاغ بۆرىكى بولۇپ ياشاۋې-تىپتۇ. ئۇ ئاخىر زامان بولغاندا يەنە ئەسلىگە كېلەر-مىش، كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ، ئاسمان ئىلاھىنى ئۆل-تۈرۈپ، ئاتۇش تاغلىرىنى يەنە شۇنداق گۈزەللەشتۈرەرمىش.

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: رىزۋان تۇ


**丝 路 传 说**（维吾尔文）

阿·热合曼 编

责任编辑 艾海提·阿西木

责任校对：伊力亚斯·热依迷

新 疆 人 民 出 版 社 出 版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行 新疆商校印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 7·875印张

1985年9月第1版 1986年7月第1次印刷

印数：1—3,000

书号：M10098·1080 定价：0·62元